# يېزا پەن - تېخنىكىسى

2013 9



قۇمۇل شەھەرلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تۆھپىكار مۇدىرى
ياسىن نۇرۇللا

农村科技

ISSN 1004-1095
09>

ھەلىمە تۇرسۇن فوتوسى







ياسىن نۇرۇللا ــ قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى تۆھپىكار مۇدىر، قابىل يېتەكچى. ئۇ 30 نەچچە يىللىق مائارىپ خىزمىتىدە يۇكسەك كەسىپچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، يېڭىلىق يارىتىپ ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، شەھەر تەرىپىدىن كۆپ قېتىم «مائارىپ سېپىدىكى مۇنەۋۋەر خىزمەتچى»، «مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى ئىلغار مۇدىر» ، «تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىختىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى ئىلغار خىزمەتچى»، «‹ئىككى ئاساسەن› نى ئۆتكۈزۈۋېلىشتا مۇنەۋۋەر شەخس» قاتارلىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

ياسىن نۇرۇللا مائارىپقا بولغان ئوتتەك ئىشتىياق بىلەن تۇرلۇك جاپا مۇشەققەتلەرگە دادىل جەڭ ئېلان قىلىپ، 2010-يىلى 10-ئايدا «قۇمۇل شەھەرلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ»نى قوروپ چىقتى ۋە ئۇلۇغۋار ئارزۇلار ئۇچۇن تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدەندى. مەكتەپنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى ئامالىنىڭ بېرىچە يېڭىلاپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى سەرخىللاشتۇردى. نۆۋەتتە بۇ مەكتەپتە ئاپتوموبىل رېمونتچىلىقى، كەپشەرلەش، ئاشپەزلىك، مىللىي ئۆي بېزەكچىلىكى، ھۆسن تۇزەش، چاچ ياساش قاتارلىق مەخسۇس كەسىپلەر مۇكەممەللىشىپ، ھۇنەر-كەسىپكە ھېرىسمەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالتۇن بۆشۈكىگە ئايلاندى.

بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئۇچ يىل، ياتاق-تاماق ئوقۇش شارائىتى ياخشى بولۇپ، لاياقەتلىك ئوقۇش پۇتتۇرگەنلەر «كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۇتتۇرۇش دىپلومى» ۋە ئۆگەنگەن كەسپىدىن «مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن كەسپىي تېخنىكا سالاھىيەت كىنىشكىسى» گە ئېرىشىپ، جەمئىيەتتە ياشلارنىڭ بىلىم ۋە كەسپتە ئۆزىنى تەربىيەلەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشىدە تۇرتكىلىك رول ئوينىماقتا.

ئالاقىلاشقۇچىلار: ئابلىمىت ئىسمايىل 13899359997
گۇلنار قادىر 18099725755



ھەلىمە تۇرسۇن خەۋىرى ۋە فوتوسى

2013 ـ يىل 9 ـ سان
(ئومۇمىي 341 ـ سان)

يېزا ئىگىلىك - تېخنىكىسى
全国优秀科技期刊,省级月刊

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىنىدى.


# بۇ ساندا

## تېرىش پەرۋىش


كېۋەزگە ئېتىبۇن چېچىشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار..................بۇزەينەپ ئابدۇكېرىم (1)
كېۋەز تۇپى بالدۇر ئاجىزلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى ...............پاتىگۇل ئىمىن (3)
بۆلجۇرگەننىڭ مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىنكى پەرۋىشى.............. مەمەتئېلى كۇرەش (4)
ئېگىزغا تېرىلغان مايلىق ئاپتاپپەرەسنىڭ پەرۋىشىدىكى مۇھىم نۇقتىلار....بىبىنۇر ئابدۇرېشىت (6)
شوخلىدىكى ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى ۋە تولۇقلاش ئۇسۇلى ....گۇلغۇنچەم رېھىمجان (7)
شورلۇق تۇپراقتا زىرائەت ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار................رەيھانگۇل رېقىپ (10)


## ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى


پارنىكتا تەرخەمەك مېۋىسىنىڭ غەيرىي بولۇش سەۋەبلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى
........................................................مەنزىرە مەمەتئىمىن (12)
پارنىكتا كۈدە ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ..............................ئايىمنىسا ھېبىبۇللا (13)
پارنىك تەرخەمىكىنى سۇغىرىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار.........ھۆسنەجان تىلىۋالدى (15)


## ئوغۇت تۇپراق


مېۋىلىك دەرەخنى ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش ئۇسۇلى.......... رىزۋانگۇل مويدۇن (17)
سىنك ئوغۇتىنى ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار.................ئايزىمگۇل يۈسۈپ (18)
قوناق شېخىنى ئېتىزغا قايتۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتىلار.......................قادىر ئوسمان (20)


## باغۋەنچىلىك


ئالما دەرىخىنى چاتاپ شەكىلگە كىرگۈزۈش مەزگىلى ................... رابىيەم ئىسمايىل (22)
ئانارنىڭ كۈزلۈك پەرۋىشى ........................................كەنجىنۇر توختى (23)
چىلاننى شەكىلگە كىرگۈزۈپ چاتاش ئۇسۇلى ...........................ئەمەرجان توختى (25)
ئەنجۈر دەرىخىنى شەكىلگە كىرگۈزۈپ چاتاشتىكى مۇھىم نۇقتىلار.....غۇلام ئۆمەر باقى (27)
چىلانلىق باغلارنىڭ تۇپراق پەرۋىشى .................................ئەركىن نىياز (28)


## ئۆسۈملۈك ئاسراش


يىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان شوخلىنىڭ يۇقۇملىنىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش
ئۇسۇلى.....................................................خالىدەم سۇلتان (30)

دائىم ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق دورىلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى ....شەرۋانگۈل تۇرسۇن (31)
ئالمىنىڭ ئاق تۇزان كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى .....گۈزەلنۇر ئابدۇۋايىت (33)
دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر قىلىدىغان ئامىللار............ئابلەت ئابلىز (34)
پارنىكتا كۆكتاتلىرىدا كېسەللىك، زىياندىش ھاشاراتلارنىڭ تەكرار پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ......................... مىراجىگۈل خېلىل قاتارلىقلار (35)
پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن مۇچتىكى ۋىرۇس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى ....تەلەت توختى (37)
شوخلىدىكى فىزىيولوگىيەلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى ....... ئەركىن مەمەت (38)


## سۇچىلىق


ئۇستۇنئاتۇش يېزىسىنىڭ ئىچىملىك سۇ قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش تەدبىرلىرى .... باھارگۈل ئابلىز (41)
كىچىك تىپتىكى ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىرىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش تەدبىرلىرى..................................................گۈلقىز ماموت (42)
ئېكولوگىيەلىك سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك .........سەمىجان ئابلا (44)
سۇ ئامبارنىڭ تۆۋەن ئېقىن رايونلىرىنىڭ زەيلەپ كېتىش سەۋەبى ۋە مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرى ...............................................................ئۆمەر ئەركىن (45)
بۇغدايىنى سۇ تېجەپ سۇغىرىش ئۇسۇلى ...............................نۇرۇنگۈل باقى (47)
كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە قۇرۇلمىلارنى تەكشۈرۈش، ئاسراش ئۇسۇلى ...سەنەۋەر ئىنام (48)


## چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق


قوناق شېخىنى تۇپ بويىچە سىلوسلاش ئۇسۇلى ...............................كېرەم بارات (50)


## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى


تىراكتورنى تېخنىكىلىق ئاسراشتىكى تېخنىكىلىق تەلەپلەر.............مەمەتجان ھېكىم (52)
تىراكتور داۋاندىن چۈشۈۋاتقاندا تورمۇزلاش ئىقتىدارىنى يوقاتقاندا جىددىي پەيتتە ھەيدەش ئۇسۇلى ...............................................ئابدۇنىياز رېھىم (53)


## يىششىقلاپ ئىشلەش


چىلان يىغىش، قۇرۇتۇش ۋە دەرىجىگە ئايرىپ ساقلاش تېخنىكا تەدبىرلىرى ............ ھۆرنىسا ئىمىن (54)


## يېزا ئېنېرگىيەسى


پاتقاق گاز كۆلچىكىدە دائىم كۆرۈلىدىغان كاشىلىلارنى بىر تەرەپ قىلىش .......پاتمە توختى تۆمۈر (56)


## قانۇن ئۆگىنەيلى


جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى ...(58)


## بىلىۋېلىڭ


ئۈرۈك سېتىۋېلىشتا بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار.................... شەمشىقەمەر ھوشۇر (59)
ئۆي زىننەتلەشتە تام قەغىزىنى تاللاشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار ...ئۆمەر ئىسمائىل (60)



باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن
مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا
مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت

农村科技
Rural Science & Technology

2013 年第 9 期
总 341 期

新疆维吾尔自治区党委农办、自治区扶贫办、自治区科协、新疆维吾尔自治区农业科学院和新疆农业大学联合主办、面向新疆农牧区、国内外公开发行的综合性省级科普月刊。

## 栽培管理

棉花使用乙烯利注意事项 ........................ 布再娜莆·阿布都克力木(1)
棉花早衰防治方法 ........................ 帕提古丽·依明(3)
草莓采收后管理 ........................ 麦麦提艾力·库来西(4)
茬地油葵的管理 ........................ 比比努尔·阿布都热西提(6)
西红柿缺素症状及补充方法 ........................ 古丽温切·热和木江(7)
盐碱地作物栽培要点 ........................ 热依汗·热克甫(10)

## 设施农业

黄瓜畸形瓜原因及防治方法 ........................ 曼孜热·买买提明(12)
温室韭菜栽培方法 ........................ 阿依姆妮沙·艾比布拉(13)
温室黄瓜浇水注意事项 ........................ 玉山江·提力瓦地(15)

## 土壤肥料

果树施用有机肥方法 ........................ 热孜万古丽·莫依敦(17)
锌肥使用注意事项 ........................ 阿依则姆古丽·玉苏普(18)
玉米杆还田要点 ........................ 卡地·吾斯曼(20)

## 园艺特产

苹果整形修剪时期 ........................ 热比艳木·司马义(22)
石榴树秋季管理 ........................ 砍吉努尔·托合提(23)
枣树整形修剪方法 ........................ 艾麦尔江·托合提(25)
无花果整形修剪要点 ........................ 吾拉木·吾买尔巴克(27)
枣树园土壤管理 ........................ 艾尔肯·尼亚仔(28)

## 植物保护

加工番茄疫病防治方法 ........................ 哈丽旦·苏力坦(30)
常用农药识别方法 ........................ 夏尔瓦古丽·吐尔逊(31)
苹果白粉病防治方法 ........................ 古再努尔·阿卜都瓦伊提(33)
影响农药使用效果因素 ........................ 阿不来提·阿布力孜(34)
温室蔬菜病虫害连续发生原因及防治方法 ..... 米热吉古丽·海力力等(35)
温室辣椒病毒病防治 ........................ 太来提·吐合提(37)
西红柿生理病害防治方法 ........................ 艾尔肯·麦麦提(38)

## 农田水利

上阿图什乡饮用水利工程管理方法…………巴哈尔古丽艾力·阿布力孜(41)
小型农田水利工程维护……………………………古丽柯孜·马木提(42)
要重视生态型水利工程…………………………………塞米浆·阿布拉(44)
流地盐碱化原因及防治方法……………………………吾买尔·艾尔肯(45)
小麦节水灌溉方法………………………………………努仁古丽·巴克(47)
洪水防治及工程检查维修……………………………塞那瓦尔·依那木(48)

## 畜牧兽医

玉米杆青储方法…………………………………………克力木·巴拉提(50)

## 农机管理

拖拉机技术性保养要求…………………………………买买提江·艾克木(52)
拖拉机下坡时失去制动功如何开车…………阿不都尼亚孜·热依木(53)

## 加工储藏

红枣采收及分级储藏技术措施……………………………吾尔尼沙·依明(54)

## 农村能源

沼气池常见故障及处理方法………………帕太姆·托合提铁木尔(56)

## 法律常识

中华人民共和国妇女权益保障法…………………………………………(58)

## 百科知识

购种子注意事项………………………………………先米西开米尔·吾守(59)
装修房子选用墙纸注意要点……………………………吾买尔·司马义(60)



主管主办：新疆维吾尔自治区农业科学院
编辑出版：新疆维吾尔自治区农业科学院《农村科技》杂志社
主　　编：艾力曼·吐尔逊　　电话（传真）0991-4505075
责任编辑：阿布来提·艾比布拉　　编辑：艾尼瓦尔·买买提
地　　址：乌鲁木齐市南昌路403号　邮编：830091
印　　刷：新疆新华印刷厂　　定价: 2.00元
发　　行：乌鲁木齐市邮政局
订　　阅：全国各地邮局，各县扶贫办、科技局、农经局和本刊编辑部
国际标准刊号：ISSN 1004 - 1095
国内统一刊号：CN 65 - 1046 / S - W
邮 政 代 码：58 - 123　广告许可证号：0016
收款单位：新疆农业科学院农业经济与科技信息研究所
开户银行：乌鲁木齐市农行南昌路支行
行　　号：103881000461 账号：004601040000839

# كېۋەزگە ئېتېفون چېچىشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

بۇزەينەپ ئابدۇكېرىم
(يوپۇرغا ناھىيە يوپۇرغا بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 844400)

ئادەتتە ئەتىيازدا تېرىقچىلىق كېچىكىش، كۈز پەسلىدە ھۆل - يېغىنىنىڭ كۆپ بولۇش سەۋەبىدىن، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەش، پەرۋىش مۇۋاپىق ئىشلەنمەسلىك، پاختا ئېچىلىشىنى 10 - 15 كۈن كېچىكتۈرىۋېتىدۇ، شۇڭا سەل كېيىنرەك ئېچىلىدىغان كېۋەزگە قارىتا ئېتېفون (乙烯利) چېچىش ئارقىلىق، ۋاقتىدا ئېچىلدۇرۇپ مەھسۇلات سۈپىتىگە ۋە مىقدارىغا، كۈزگى بۇغداينىڭ ۋاقتىدا تېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

1. ئېتېفون چېچىلىدىغان كېۋەز يېرىنى توغرا بېكىتىش كېرەك. باراقسان ئۆسكەن كېۋەزلىك، بولۇپمۇ 80% تىن كۆپرەك غوزا 40- 45 كۈندىن ئاشقان ئېتىزلارغا ئېتېفون چاچسا ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ، نورمال ئۆسكەن، غوزىلىرى نورمال ئېچىلالايدىغان كېۋەزگە ۋە ئۇرۇق قالدۇرۇلىدىغان كېۋەز ئېتىزلىرىغا ئېتېفون چاچماسلىق كېرەك.

2. ئېتېفون چېچىلىدىغان ۋاقىتنى توغرا تاللاش لازىم. كېۋەزگە ئېتېفونى تېمپېراتۇرا 20℃ تىن يۇقىرى چاغدا، ئۈششۈك تېگىشتىن 15 - 20 كۈن بۇرۇن چاچسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ چاچسا ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

3. دورا چېچىش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش كېرەك. شامال چىقمىغان، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى چۈشتىن بۇرۇن شىنجاڭ ۋاقتى سائەت توققۇزدىن چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتكىچە چېچىش كېرەك، دورىنىڭ مىقدارىنى كېۋەزنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى، تېمپېراتۇرا ئەھۋالى، ئېتېفون چېچىش ۋاقتىغا ئاساسەن بەلگىلەش كېرەك. تېمپېراتۇرا بىرئاز تۆۋەن، چېچىش ۋاقتى كېچىككەن، باراقسان ئۆسكەن كېۋەزلەرگە دورا مىقدارىنى كۆپەيتىپ چې-

چىش لازىم، لېكىن ھەر مو يەرگە چېچىش مىقدارىنى ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 200 گىرامدىن ئاشۇرۇۋېتمەسلىك لازىم. ئادەتتە 40% لىك ئېتىپفوندىن 100 گىرامنى 50 كىلوگىرام سۈزۈك سۇدا ئېرىتىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن دورىنى چوقۇم غوزىغا تولۇق تەگكۈزۈپ چېچىش كېرەك. 40% لىك ئېتىپفون بىلەن 2% لىك كالتسىي سۈپېر فوسفات (过磷酸钙) ئوغۇتىنى ئارىلاشتۇرۇپ چاچسا كېۋەزنىڭ ئېچىلىشىنى تېزلىتىش، بالدۇر ئاجىزلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مەھسۇلات ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: (1) ئېتىپفون ئىشقارلىق دېھقانچىلىق دورىسى بولۇپ كىسلاتالىق ماددىلارغا يولۇقسا ئۈنۈمىنى يوقىتىدۇ، شۇڭا كىسلاتالىق دېھقانچىلىق دورىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىشكە قەتئىي بولمايدۇ. ئېتىپفون دورا سۈيۇقلۇقىنى تەييارلىغان ھامان ئىشلىتىش كېرەك؛ (2) كېۋەز ئېتىزىغا ئېتىپفون چېچىپ ئالتە سائەت ئىچىدە يامغۇر ياغسا، يامغۇردىن كېيىن قايتا چېچىش كېرەك؛ (3) ئېتىپفون چېچىشتىن بۇرۇن ئېچىلغان پاختىنى پاكىز تېرىۋېلىپ ئاندىن چېچىش كېرەك، بولمىسا ئېچىلغان كېۋەزلەرنىڭ سۈپىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ؛ (4) ئېتىپفون ئىشقارلىق دورا بولۇپ، ئادەم تېرىسىگە تەگسە بەلگىلىك غىدىقلاش تەسىرى بار، شۇڭا ماسكا تاقاپ، بەدەننىڭ ھەممە يېرىنى ئوراپ كىيىم كىيىپ چېچىش كېرەك، ئەگەر دورا تېرىگە تېگىپ كەتسە سۈزۈك سۇدا سوپۇنداپ يۇيۇش لازىم؛ (5) سۈپەتلىك دورىلارنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك، دېھقانچىلىق مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتمىگەن سۈپەتسىز، ساختا دورىلارمۇ ناھايىتى كۆپ. شۇڭا ئىناۋەتلىك زاۋۇتلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان ھەم ئىشەنچلىك دورا دۇكانلىرىدىكى دورىلاردىن تاللاپ سېتىۋېلىپ ئىشلىتىش كېرەك. (03)

# كېۋەز تۆپىسى بالدۇر ئاجىزلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

پاتىگۇل ئىمىن
(شايار ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 842200)

تۇپراقتا سۇ كەمچىل بولۇش، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، بولۇپمۇ گۈل ۋە غوزا ئوغۇتى يېتەرلىك بېرىلمەسلىك، تەكرار تېرىش، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچراش، تۇپراق شورلىشىش، ئوزۇقلۇق ئۆسۈش يېتەرلىك بولماسلىق، ئوزۇقلۇق مەنبىيى ماسلاشماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەر، كېۋەز تۆپىسىنىڭ بالدۇر ئاجىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەتتە كېۋەزدە 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى بالدۇر ئاجىزلىشىش ئالامىتى پەيدا بولۇپ، 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا بالدۇر ئاجىزلىشىش ئالامەتلىرى بىرقەدەر ئېنىق كۆرۈلىدۇ. بالدۇر ئاجىزلاشقان كېۋەز يوپۇرمىقىنىڭ رەڭگى يېشىل رەڭدىن سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، يوپۇرماق نېپىزلەپ سارغىيىپ، ئاخىرىدا سېرىق داغ، قىزىل داغ پەيدا بولۇپ، پارقىراقلىقىنى يوقىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ قۇرۇيدۇ. 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا يوپۇرمىقى كۆپلەپ تۆكۈلۈپ، كېۋەزنىڭ غولى ئوتتۇرىسىدىن ئاستىغا قاراپ ئاستا ـ ئاستا قۇرۇيدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى:** (1) كېسەللىككە چىداملىق ۋە بالدۇر ئاجىزلىمايدىغان سورتلارنى تاللاپ تېرىش كېرەك؛ (2) مۇۋاپىق نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ۋە يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش ئارقىلىق، تۇپراق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، كېۋەز تۆپىنى تىمەن ئۆستۈرۈپ، بالدۇر ئاجىزلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ (3) مۇۋاپىق ئوغۇتلاش ئارقىلىق تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرىلىتىش ۋە مۇۋاپىق سۇغىرىش ئارقىلىق كېۋەزنى تىمەن ئۆستۈرۈش كېرەك؛ (4) تېرىشتىن بۇرۇن، ئورگانىك ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە خىمىيەلىك ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش ئارقىلىق، ئوزۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك؛ (5) ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىللەردە ھەر مو يەرگە 100 ـ 200 گىرام ئورىيا (尿素) ياكى

# بۆلجۈرگەننىڭ مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىنكى پەرۋىشى

مەمەتئېلى كۇرەش
(قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتەپتىن 844000)

**1. پۇتاش:** بۆلجۈرگەن مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن يان شاخ ئۆسۈپ چىقىپ، ئوزۇقلۇقنى خورىتىپ، گۈل بىخلىرىنىڭ بۆلۈنۈشىگە تەسىر يەتكۈزۈپ، كېلەر يىللىق مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا يان شاخ ۋە قۇرۇپ قالغان يوپۇرماقلارنى ۋاقتىدا ئېلىۋېتىش كېرەك.

**2. پەرۋىشى:** 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 10ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە ھەر مو يەرگە 20 ـ 25 كىلوگىرام بىرىكمە ئوغۇت (复合肥) نى ئۆسۈملۈك تۈپىدىن 20 سانتىمېتىر يىراقلىقتا تېيىز ئېرىق ئېچىپ بېرىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە 0.2% لىك كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) ئېرىتمىسىنى 2 ـ 3 قېتىم يوپۇرماقتىن پۈركۈپ، تۈپنىڭ تىمەن ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە گۈل بىخلىرىنىڭ بۆلۈنۈشىنى تېزلىتىپ، سوغۇققا چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. يەر توڭلاشتىن ئىلگىرى يەنە بىر قېتىم ھەر مو بۆلجۈرگەننى 500 كىلوگىرام ئورگانىك ئوغۇت، 15 كىلوگىرام كالتسىي سۇپېر فوسفات (过磷酸钙) بىلەن ئېرىقچە ئېچىپ ئوغۇتلاش لازىم. بۆلجۈرگەن مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن سۇغىرىش قېتىم سانى ۋە

كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾)نى سۇيۇلدۇرۇپ يوپۇرماق يۈزىگە پۈركۈش لازىم، ئۇندىن باشقا بور، سىنكلىك ئوغۇت، مىكرو ئوغۇت بىلەن كۆپرەك ئوغۇتلاش كېرەك. قوشۇمچە ئوغۇتلاشتا فوسفورلۇق ۋە كالىيلىق ئوغۇتنى كۆپرەك بېرىش، ئازوتلۇق ئوغۇتنى مۇقىم بىرىش كېرەك. فوسفورنىڭ تۇپراقتا يۆتكىلىشى ناچار، پايدىلىنىش ئۇنۇمى تۆۋەن بولغاچقا، فوسفورلۇق ئوغۇتنى ئىشلەتسە، كېۋەزنىڭ بالدۇر ئاجىزلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. (03)

مىقدارىنى ئازايتىش ۋە يەر توڭلاشتىن بۇرۇن ئوغۇتلاشقا بىرلەشتۈرۈپ تولۇق ياتقۇزۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا بۆلجۈرگەننىڭ يېڭى يىلتىز چىقىرىش ئورنى يىلدىن يىلغا يۇقىرىغا سۈرۈلىدۇ، شۇڭا بۆلجۈرگەن تۈۋىنى يۇمشىتىپ، مۇۋاپىق توپا يۆلەشكە دىققەت قىلىش لازىم. يەر توڭلاشتىن بۇرۇن بۆلجۈرگەن ئېتىزلىرىغا يالتىراق يوپۇق يېپىش ياكى ئوت ـ چۆپ، پاخال يېيىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، قىشتا توڭلاپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**3. كېسەللىك، زىيانداش هاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** بۆلجۈرگەندە ئاساسلىقى كۆك پىت، قىزىل ئۆمۈچۈك قاتارلىق هاشاراتلار كۆپ كۆرۈلىدۇ. كۆك پىتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا، 40% لىك ئوكسىدلانغان روگور (氧化乐果) نىڭ 3000 هەسسىلىك ئېرىتمىسى ياكى 50% لىك راپىد (抗蚜威) نىڭ 2000 هەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈش لازىم، قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا، 15% لىك دامەنتوڭ (哒螨酮) سۇتسىمان مېيىنىڭ 3000 هەسسىلىك ئېرىتمىسى ياكى 1.8% لىك ئاۋېيمىتسۇن (阿维菌素) سۇتسىمان مېيىنىڭ 5000 هەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈش كېرەك. بۆلجۈرگەندە ئاق توزان كېسەللى، قوڭۇر قىروسىمان پاختىلىشىش كېسەللى قاتارلىقلار كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. ئاق توزان كېسەللىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا، 20% لىك سەنزوتوڭ سۇتسىمان مېيى (三唑酮乳油) نىڭ 500 هەسسىلىك ئېرىتمىسى ياكى تېپۇزو نەملىنىشچان پاراشوكى (特普做可湿性粉剂) نىڭ 2500 هەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈش لازىم. قوڭۇر قىروۋسىمان پاختىلىشىش كېسەللىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا 80% لىك سۇمىلىكىس نەملىنىشچان پاراشوكى (速克灵可湿性粉剂) نىڭ 800 هەسسىلىك ئېرىتمىسى ياكى 40% لىك جۇنخېجىڭ نەملىنىشچان پاراشوكى (菌核净可湿性粉剂) نىڭ 1500 هەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈش كېرەك. (02)

# ئىككىنچى تېرىلغان مايلىق ئاپتاپپەرەسنىڭ پەرۋىشىدىكى مۇھىم نۇقتىلار

بىبىنۇر ئابدۇرىشىت
(غۇلجا ناھىيە چۆلۈقاي يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835100)

**1. كولتىۋاتسىيە قىلىش:** مايلىق ئاپتاپپەرەس ئۈنۈپ چىقىپ، 1 ـ 2 جۈپ ھەقىقىي يوپۇرماق چىقارغاندا كولتىۋاتسىيە قىلىپ، ئوت ـ چۆپلەرنى ئوتاش كېرەك. ئادەتتە، پۈتۈن ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا 2 ـ 3 قېتىم كولتىۋاتسىيە قىلىنىدۇ.

**2. مايسا بەلگىلەش:** مايسىنى بىر قېتىمدىلا بەلگىلەش يەنى مايلىق ئاپتاپپەرەس مايسىسى ئىككى جۈپ ھەقىقىي يوپۇرماق چىقارغان مەزگىلدە، قۇر ئارىلىقى 60 سانتىمېتىر بولسا، تۈپ ئارىلىقى 25 سانتىمېتىر قىلىپ، ئەگەر قۇر ئارىلىقى 50 سانتىمېتىر بولسا، تۈپ ئارىلىقىنى 29 سانتىمېتىر قىلىپ مايسا بەلگىلەش كېرەك. ھەر مو يەردە 4500 ـ 5000 تۈپ مايسا قالدۇرسا بولىدۇ.

**3. قوشۇمچە ئوغۇتلاش:** مايلىق ئاپتاپپەرەسنىڭ ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلانغاندا، مايسا مەزگىلىدىن غۇنچىلاش مەزگىلىگىچە فوسفورنى كۆپ تەلەپ قىلىدۇ. يەنى ئومۇمىي سۈمۈرۈلىدىغان فوسفورنىڭ 70% تىنى مۇشۇ مەزگىلدە سۈمۈرىدۇ. غۇنچىلاش مەزگىلىدە ئومۇمىي سۈمۈرۈلىدىغان ئازوتنىڭ 32% نى، چېچەكلىگەندىن پىشقانغا قەدەر 33% نى سۈمۈرىدۇ. شۇڭا بېرىلىدىغان فوسفورلۇق ئوغۇتنىڭ ھەممىسىنى، ئازوتلۇق ئوغۇتنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئاساسىي ئوغۇت قىلىپ بېرىش، قالغان قىسمىنى غۇنچىلاش مەزگىلىدىن ئىلگىرى توپا يۆلەشكە بىرلەشتۈرۈپ بېرىش كېرەك. ھەر مو يەرگە ئورىيا (尿素) دىن 10 ـ 15 كىلوگىرامنى كۆمۈپ بەرسە، دان كۆپ ھەم دان تولۇق بولۇپ، مەھسۇلاتى كۆرۈنەرلىك ئاشىدۇ.

**4. سۇغىرىش:** مايلىق ئاپتاپپەرەسنىڭ مايسا مەزگىلىدە ئاساسەن يىلتىز سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا بۇ مەزگىلدە كولتىۋاتسىيە قىلىپ، قوشۇمچە ئوغۇت بەرگەندىن كېيىن، غۇنچىلاش مەزگىلىدە دەرھال بىرىنچى قېتىملىق سۇيىنى بېرىش، 15 كۈندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىملىق سۇيىنى بېرىش، قالغان ۋاقىتلاردا ئەھۋالغا قاراپ ھەر 15 ـ 20 كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىش كېرەك.

## شوخلىدىكى ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى ۋە تولۇقلاش ئۇسۇلى

گۈلغۇنچەم رېھىمجان
(غۇلجا ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 835100)

**1. ئازوت يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى:** ئازوت يېتىشمىسە يوپۇرمىقى كىچىك، غولى ئىنچىكە بولۇپ، تۆۋەندىكى يوپۇرماقتىن باشلاپ ئۈستىگە قاراپ سارغىيىپ، تۈپى بىر قەدەر پاكار ئۆسىدۇ. سارغىيىش يوپۇرماق تومۇرىدىن باشلاپ پۈتۈن يوپۇرماققا كېڭىيىدۇ، مېۋىسى ئاز بولۇپ بالدۇر يوغىنايدۇ. سەۋەبى: (1) ئالدىنقى ئېكىنىغا ئورگانىك ئوغۇت ۋە ئازوتلۇق ئوغۇت يېتەرلىك بېرىلمىگەن بولسا؛ (2) ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شاخ ـ يوپۇرماقلىرىنى ياكى چىرىمىگەن ئورگانىك ئوغۇتنى كۆپ ئىشلەتكەندە؛ (3) قۇمساڭ تۇپراقتا ئاسان كۆرۈلىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا: ① ئازوتلۇق ئوغۇتنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش كېرەك، تېمپېراتۇرا تۆۋەن شارائىتتا نىترات ھالەتتىكى ئازوتنى ئىشلەتسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ؛ ② تولۇق چىرىتكەن ئورگانىك ئوغۇتنى ئىشلىتىش كېرەك.

**2. فوسفور يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى:** مايسا بىر قەدەر كىچىك ۋاقىتتا تۆۋەندىكى يوپۇرماقلىرى سۆسۈن رەڭگە ئۆزگىرىپ، تەدرىجىي ئۈستىدىكى يوپۇرماقلىرىغا كېڭىيىپ، يوپۇرماق كىچىك بولىدۇ ھەم پارقىراقلىقىنى يوقىتىپ، قىزغۇچ سۆسۈن رەڭگە كىرىدۇ. مېۋىسى كىچىك بولۇپ، پىشىشى كېچىكىپ، مەھسۇلاتى تۆۋەنلەيدۇ. سەۋەبى: (1) تۇپراقنىڭ

---

**5. سۇنئىي چاڭلاشتۇرۇش:** مايلىق ئاپتاپپەرەس چەتتىن چاڭلىنىدىغان زىرائەت، شۇڭا چېچەكلەش مەزگىلىدە ئەڭ ياخشىسى، ئېتىز يانلىرىغا ھەر 3 ـ 4 مو يەرگە بىر ساندۇق ھەسەل ھەرىسى ساندۇقى قويۇش لازىم. ھەسەل ھەرىسى بولمىسا، ئۆزئارا قوشنا تۈپلەرنىڭ گۈل تەخسىسى يۈزىنى بىر ـ بىرىگە ئۆزئارا يېنىك تەگكۈزسە، چاڭلىنىشىدۇ ياكى تاختايغا مەخمەل رەختىنى قېقىپ غول تەخسىسىگە ئاستا سۈركەپ قالغان تۈپلەرگىمۇ سۈركىسە، چاڭلىنىشنى تېزلىتىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرىدۇ. مايلىق ئاپتاپپەرەسنىڭ باشاق قىسمى ۋە غولى سارغىيىپ يوپۇرماقلىرى سولاشقاندا يىغىۋالسا بولىدۇ. (03)

كىسلاتالىق، ئىشقارلىق دەرىجىسى تۆۋەن، تۇپراق قاتقاللاق شارائىتتا ئاسان پەيدا بولىدۇ؛ (2) تۆۋەن تېمپېراتۇرا فوسفورنىڭ سۈمۈرۈلۈشىگە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا تۆۋەن تېمپېراتۇرا شارائىتىدىمۇ فوسفور كەمچىل بولىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا، مايسا مەزگىلىدە فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن يېتەرلىك ئوغۇتلاش كېرەك.

**3. كالىي يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى:** دەسلەپتە يوپۇرماق چۆرىسىنىڭ يېشىللىقى سۇسلىشىشقا باشلاپ، تەدرىجىي يوپۇرماقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېڭىيىدۇ. باراقسان ئۆسۈش مەزگىلىدە ئوتتۇرا قىسمىدىكى يوپۇرمىقىنىڭ ئۇچى قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ، ئاندىن قۇرۇپ كېتىدۇ. مېۋىسىنىڭ يېتىلىشى نورمال بولمايدۇ، شەكلى قىرلىق بولۇپ، رەڭگىمۇ تەكشى بولمايدۇ، ئېغىر بولغاندا تۆۋەندىكى يوپۇرماقلىرى قۇرۇپ كېتىدۇ. سەۋەبى: (1) تۇپراقتىكى كالىينىڭ مىقدارى تۆۋەن بولۇش؛ (2) هاك كۆپ ئىشلىتىلىپ، كالىينىڭ سۈمۈرۈلۈشىگە تەسىر يېتىش؛ (3) يورۇقلۇق ئاجىز، هاۋا تېمپېراتۇرىسى ۋە تۇپراقنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولۇش؛ (4) كالىي تەركىبى بولغان ئورگانىك ئوغۇت ۋە كالىيلىق ئوغۇتلار ئاز ئىشلىتىلىپ قېلىش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن كالىي كەملىك ئاسان كۆرۈلىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا: ① ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ ئوتتۇرا كېيىنكى مەزگىلىدە كالىيلىق ئوغۇت بىلەن يېتەرلىك ئوغۇتلاش؛ ② ئورگانىك ئوغۇت بىلەن كۆپرەك ئوغۇتلاش، يوپۇرماقتىن كالىي دى هىدروفوسفاتنى پۈركۈش كېرەك.

**4. كالتسىي يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى:** تۆپ سولىشىپ ئۆسۈش نۇقتىسى ئۆسۈشتىن توختايدۇ، يۇمران بىخى كىچىكلەپ سارغىيىدۇ، ئۆسۈش نۇقتىسىغا يېقىن بولغان يۇمران يوپۇرماق قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ بەزىلىرى قۇرۇپ كېتىدۇ. مېۋە كىندىكى قارىداپ سېسىيدۇ، ئۆسۈشنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە كالتسىي كەملىك كۆرۈلسە، گۈل، يوپۇرماقلىرى نورمال بولۇپ مېۋىسىنىڭ كىندىكىلا سېسىيدۇ، بىرىنچى ساپىقىدىكى كىندىكى سېسىغان مېۋە باشقا مېۋىلەردىن بالدۇر قىزىرىدۇ. سەۋەبى: (1) تۇپراقتا

كالتسىي كەمچىل بولسا؛ (2) ئازوتلۇق ئوغۇت زىيادە ئىشلىتىلسە؛ (3) تۇپراق بەك قۇرغاق بولسا؛ (4) كالىيلىق ئوغۇت زىيادە ئىشلىتىلسە؛ (5) ھاۋانىڭ نەملىكى تۆۋەن بولۇپ، ئۇدا تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولسا كالتسىي كەملىك ئالامىتى كۆرۈلىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش: (1) ئورگانىك ئوغۇتنى كۆپ ئىشلىتىپ، كالتسىينىڭ سۈمۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ (2) تۇپراقنىڭ تەركىبىنى تەكشۈرۈپ كالتسىي كەم بولسا ۋاقتىدا تولۇقلاش؛ (3) يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، كۆپ-رەك سۇغىرىش؛ (4) كالتسىيلىق يوپۇرماق ئوغۇتلىرىنى ۋاقتىدا ئىشلى-تىش كېرەك.

**5. بور يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى:** يېڭى يوپۇرمىقى ئۆسۈشتىن توختايدۇ، تۇپ سولاشقان ھالەتتە تۇرىدۇ. غولىنىڭ ئىچكى قىسمى قوڭۇر رەڭلىك پىروبىركا شەكىللىك يېرىق پەيدا بولىدۇ. مېۋىسىنىڭ سىرتقى يۈزىدە پىروبىركا شەكىللىك يېرىق پەيدا بولىدۇ، يوپۇرمىقى قېنىق يېشىل بولىدۇ. سەۋەبى: (1) تۇپراقنىڭ كىسلاتالىشىشى بورنى سۈزۈلدۈرۈۋېتى-دۇ ياكى ھاكنى زىيادە ئىشلىتىش بورنىڭ كەملىكىنى كەلتۈرۈپ چى-قىرىدۇ؛ (2) تۇپراق قۇرغاق ھالەتتە ئورگانىك ئوغۇت ئىشلىتىلسە ئا-سان كۆرۈلىدۇ؛ (3) كالىيلىق ئوغۇت زىيادە ئىشلىتىلسە ئاسان كۆرۈ-لىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا: بور تەركىبى بولغان ئوغۇتلارنى ئاساسىي ئوغۇت قىلىپ ئىشلىتىش ۋە 0.1% ـ 0.25% لىك بوراكس (硼肥) ئېرىتمى-سىنى يوپۇرماققا پۈركۈش كېرەك.

**6. سىنك يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى:** ئوتتۇرا قىسمىدىكى يوپۇر-ماقتىن باشلاپ رەڭگى سۇسلىشىپ سارغىيىدۇ، يوپۇرماق تومۇرلىرى ئېنىق كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يوپۇرماق چۆرىسى سېرىق رەڭدىن قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. يوپۇرماق چۆرىسىنىڭ قۇرۇشى بىلەن يوپۇرماق كەينىگە قورۇلىدۇ. ئۆسۈش نۇقتىسى ئەتراپىدىكى بوغۇمى قىسقىرايدۇ، يېڭى يوپۇر-ماق سارغارمايدۇ. سەۋەبى: (1) يورۇقلۇق بەك كۈچلۈك بولسا؛ (2) فوسفور-

# شورلۇق تۇپراقتا زىرائەت ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

رەيھانگۈل رىقىپ
(توقسۇن ناھىيە غولبويى يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 838100)

1. تۇپراقنىڭ تېرىش كۆرسەتكۈچى يۇقىرىلاپ كېتىش، خىمىيەلىك ئوغۇت ۋە دېھقانچىلىق دورىسىنى كۆپ ئىشلىتىش، ئورگانىك ئوغۇت بىلەن يېتەرلىك ئوغۇتلىماسلىق، يېشىل ئوغۇت ئۆسۈملۈكى تېرىماسلىق، شاخ ـ شۇمبىلارنى ئېتىزغا قايتۇرماسلىق، يەر ئاستى سۇ ئورنى يۇقىرىلاپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تۇپراقنىڭ شور تەركىبى يۇقىرىلاپ كەتكەندە، ئىمكانقەدەر شورغا چىداملىق زىرائەتلەرنى تاللاپ تېرىش كېرەك.

2. شورلۇق تۇپراقنى ياخشىلاش ئۈچۈن، كۈزدە ھەرمو يەرگە 3000 ـ 5000 كىلوگىرام تولۇق چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇت ۋە مۇۋاپىق مىقداردا لاۋا ـ لۇتقا، قوناق شېخى، ئوت ـ چۆپ قالدۇقلىرى، ئوت ـ چۆپ كۈلى،

---

نى كۆپ سۈمۈرۈۋالسا؛ (3) تۇپراقنىڭ كىسلاتالىق ـ ئىشقارلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولسا، تۇپراقتا سىنىك يېتەرلىك بولسىمۇ ئۆسۈملۈك سۈمۈرەلمەي، سىنىك كەملىك كۆرۈلىدۇ.

**7. ماگنىي يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى:** بىرىنچى مېۋىسى يوغىناش مەزگىلىدە، ئوتتۇرا تۆۋەن قىسمىدىكى يوپۇرماقلىرىنىڭ ئاساسىي تومۇرى يېنىدىن باشلاپ سارغىيىدۇ. مېۋىسى يوغىناش مەزگىلىدە مېۋىسىگە يېقىن يەردىكى يوپۇرماقلىرى سارغىيىدۇ. يوپۇرماق تومۇرىنىڭ ئارىسى سارغىيىپ بارا ـ بارا ئۈستىدىكى يوپۇرماقلارغا كېڭىيىدۇ. كېيىنكى مەزگىلدە يوپۇرماق تومۇردىن باشقا پۈتۈن يوپۇرماق سارغىيىدۇ. سەۋەبى: (1) تۆۋەن تېمپېراتۇرا يىلتىزنىڭ ماگنىينى سۈمۈرۈشىنى تىزگىنلەيدۇ؛ (2) تۇپراقتىكى ماگنىينىڭ مىقدارى كۆپ بولسىمۇ، ماگنىينىڭ سۈمۈرۈلۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا: ① تۇپراقنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئورگانىك ئوغۇتنى كۆپ ئىشلىتىش لازىم؛ ②تۇپراقنىڭ تەركىبىنى ئېنىقلاپ ماگنىي كەمچىل بولسا ۋاقتىدا تولۇقلاش كېرەك. (03)

قۇم قاتارلىقلارنى تۆكۈپ، 15 ـ 20 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇپ، تولۇق ياتقۇزۇش كېرەك.

3. شورلۇق تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن بولغاچقا، مۇمكىنقەدەر بالدۇرراق مايسا تاقلاش ۋە مۇۋاپىق كېچىكتۈرۈپ مايسا بەلگىلەش ئارقىلىق، تۈپىنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىپ، شورغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك.

4. زىرائەتنى تېرىشتىن بۇرۇن ھەر مو يەر يەرگە 2 ـ 3 كىلوگىرام سىنك سولفات ئوغۇتى (硫酸锌) بېرىش كېرەك. زىرائەتلەرنى قوشۇمچە ئوغۇتلىغاندا شورلۇق تۇپراق تەركىبىدە كالىي كۆپ، فوسفور ئاز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكگە ئاساسەن، فوسفورلۇق ئوغۇتنى كۆپرەك، ئازوتلۇق ئوغۇتنى مۇۋاپىق مىقداردا بېرىش، كالىيلىق ئوغۇتنى ئىشلەتمەسلىك ياكى ئاز ئىشلىتىش كېرەك. ئۆسۈش مەزگىلىدە ئورىيا (尿素)، ئاممونىي سۇلفات (硫酸铵) كالتسىي سۇفىر فوسفات (过磷酸钙) قاتارلىق نېيترال ۋە كىسلاتالىق ئوغۇتلار بىلەن مۇۋاپىق ئوغۇتلاپ، تىمەن ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

5. زىرائەتنى تېرىغاندىن كېيىن، ئاز ـ ئازدىن پات ـ پات سۇغىرىش ۋە ۋاقتىدا كولتىۋاتسىيە قىلىش كېرەك، تېرىشتىن ئىلگىرى قاندۇرۇپ سۇغىرىپ، ئۇرۇقنى تېرىغاندىن كېيىن ئۈستىگە سامان ياكى شاخ ـ شۇمبا، يالتىراق يوپۇق قاتارلىقلارنى يېپىپ، نەملىك ساقلاپ، ئۇرۇقنىڭ ۋاقتىدا ئۈنۈپ چىقىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئۇرۇقنى تېرىغاندىن كېيىن ئۈنۈپ چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا شور ئۆرلەپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىمكانقەدەر سۇغارماسلىق، مايسا كۆچۈرۈپ تىككەندە قاندۇرۇپ سۇغىرىپ، مايسىنىڭ ئەي بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەر قېتىم سۇغارغاندىن كېيىن ياكى يامغۇر ياغقاندىن كېيىن، تۇپراقنى چاغلاپ يۇمشىتىپ، قاتقىلاقلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (03)

## يارنىكتا تەرخەمەك مېۋىسىنىڭ غەيرىي بولۇش سەۋەبلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

مەنزىرە مەمەتئىمىن
(غۇلجا شەھىرى تاشكۆۋرۈك يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835000)

ئادەتتە نورمال تەرخەمەك مېۋىسىنىڭ ئىككى ئۇچى سەل ئىنچىكە، ئوتتۇرىسى توز، ئۇزۇنچاق بولىدۇ. ئەگەر تەرخەمەك تۈپىدە نورمالسىزلىق كۆرۈلسە تەرخەمەك مېۋىسىدە نورمالسىزلىق كۆرۈلىدۇ. شۇڭا غەيرىي تەرخەمەك كۆرۈلسە، تۈپلىرىگە قارىتا پەرۋىشنى كۈچەيتىش كېرەك.

1. ئەگرى مېۋە: مېۋىنىڭ بىر تەرىپىنىڭ ئۆسۈشى ئاستا بولۇش تۈپەيلىدىن ئەگرى مېۋە شەكىللىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئوغۇت يېتەرلىك بولماسلىق، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى مۇۋاپىق بولماسلىق، يورۇقلۇق يېتەرلىك بولماسلىق، تۇپراق تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولۇش، يوپۇرماقنى زىيادە پۇتىۋېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا گۈل بىخىنىڭ بۆلۈنۈشىگە مۇۋاپىق شارائىت يارىتىپ، مۇكەممەل بولغان ئانىلىق چېچەكنى شەكىللەندۈرۈش، بەكرەك ئەگرى ئۆسكەن، يېتىلىشى ياخشى بولمىغان مېۋىلەرنى ئۈزۈۋېتىپ، ئوزۇقلۇق خوراپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمدە ۋاقتىدا قوشۇمچە ئوغۇتلاپ سۇغىرىش ھەمدە تۈپنى ياخشى رەتلەپ، يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاپ، نۇر بىرىكتۈرۈش رولىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئۇندىن باشقا مېۋىنىڭ ئەگرى تەرىپىگە گىبىرىللىن (赤霉素) قاتارلىق دورىلارنى سۈرۈپ ئۆسۈشىنى تېزلىتىش لازىم.

2. كېچىلىك ھاۋا تېمپېراتۇرىسى زىيادە تۆۋەن بولۇش، كالتسىي يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن تەرخەمەك غول، يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۆسۈشى ۋە مېۋىسىنىڭ نورمال يېتىلىشى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا پارنىكنىڭ كېچىلىك ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنى نورماللاشتۇرۇش ۋە تەرخەمەك تۈپلىرىنى كالتسىيلىق ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلاش لازىم. (02)

# يازلىقتا كۆدە ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى

ئايىمنىسا ھېبىبۇللا
(خوتەن شەھىرى يورۇڭقاش بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 848000)

**1. يەر تۈزلەش ۋە ئوغۇتلاش:** يەرنى ئاغدۇرۇشتىن بۇرۇن ھەر مو يەرگە 3000 ـ 5000 كىلوگىرام سۈپەتلىك قونان قىغى، 50 ـ 75 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (قارا ئوغۇت)، 10 ـ 15 كىلوگىرام ئورىيا (ئاق ئوغۇت) بېرىش كېرەك. قىغنى يەرگە چېچىپ بولۇپلا تۇپراق يۈزىگە 800 ھەسسىلىك فوكسىم (辛硫磷) نى چېچىپ، كۆدە چىۋىن لىچىنكىسىنىڭ يېتىلگەن قۇرتقا ئايلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، باۋىستىن (多菌灵) دورىسى بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىش كېرەك. دورىنى ۋە ئوغۇتنى چېچىپ بولغاندىن كېيىن، يەرنى ئاغدۇرۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش لازىم.

**2. تېرىش ۋە مايسا يېتىشتۈرۈش:** تېرىشتا چېچىپ تېرىش ۋە قۇرلاپ تېرىش دەپ ئىككى ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. چېچىپ تېرىشتا تېرىشتىن بۇرۇن يەرنى تەكشىلەپ، قاندۇرۇپ سۇغىرىپ، سۇ سىڭگەندىن كېيىن، ئۇرۇقنى چېچىپ ئۈستىگە 1 ـ 1.5 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا توپا يېپىش لازىم. بىۋاسىتە تېرىشتا قۇرلاپ تېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ھەر موغا ئۈچ كىلوگىرام ئۇرۇق تېرىسا بولىدۇ. قۇر ئارىلىقىنى 30 سانتىمېتىر، كەڭلىكىنى 4 ـ 6 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقىنى 2 ـ 3 سانتىمېتىر قىلىپ، كىچىك ئېرىقچە چېپىپ سۇغىرىلىدۇ، سۇ سىڭگەندىن كېيىن ئۇرۇقنى چېچىپ ئۈستىگە توپا چېچىلىدۇ. ئادەتتە ئۇرۇقنى تېرىسا 20 ـ 30 كۈندە مايسا ئۈنىدۇ، ئۇرۇق ئۈنگىچە تۇپراق قۇرغاق بولۇپ قالسا يېنىك سۇغىرىش، ئوت ـ چۆپلەرنى ئوتاش قوشۇمچە ئوغۇتلاش ياكى ئۇرۇقنى تېرىپ ئۈنگىچە ئامال بار سۇغارماسلىق، بەك قۇرغاق بولۇپ كەتسە يېنىك سۇغىرىش، ياكى يالتىراق يوپۇق يېپىپ نەملىكنى ساقلاش كې-

رەك. مايسا مەزگىلىدە، تۆپ ئېگىزلىكى تۆت سانتىمېتىر بولغاندا ھەر موغا 8 ـ 10 كىلوگىرام ئورىيانى سۇدا ئېقىتىپ بېرىش، مايسا 15 سانتىمېتىر بولغاندا سۇيىنى كونترول قىلىپ، بويىغا زورلاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**3. مايسا كۆچۈرۈپ تىكىش:** ئادەتتە 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن ئوتتۇرىلىرىغىچە مايسا 15 ـ 20 سانتىمېتىر ئۆسۈپ 4 ـ 6 تال ھەقىقىي يوپۇرماق چىقارغاندا كۆچۈرۈپ تىكسە بولىدۇ. مايسىنىڭ تۆپلىرىنى ئايرىپ چاچما يىلتىزلىرىنى 5 ـ 7 سانتىمېتىر، يوپۇرمىقىنى 8 ـ 10 سانتىمېتىر قالدۇرۇپ كېسىۋېتىش، تىكىلگەندىن كېيىن توپا بىلەن كۆمۈپ، چۆرىسىنى چىڭداش، تىكىلىش چوڭقۇرلۇقىنى يوپۇرماق غىلىپىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك.

**4. پەرۋىشى:** 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەشكە باشلايدۇ. بۇ كۆدىنىڭ باراقسان ئۆسۈش مەزگىلىگە توغرا كەلگەچكە، بۇ مەزگىلدە بىر قېتىم ھەرمو يەرگە چىرىگەن كونجۇرىدىن 100 ـ 150 كىلوگىرام بېرىش ھەم بىر قېتىم كۆدە چۆپىن قۇرتىنى يوقىتىدىغان دورا چېچىش، تىرنىلاش ئارقىلىق تۇپراق بىلەن ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ، دەرھال قاندۇرۇپ سۇغىرىش كېرەك. ئاندىن ھەر 5 ـ 7 كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىش، 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا ئاخىرلىرىدا سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مو يەرنى 15 ـ 20 كىلوگىرام ئورىيا بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاش، 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئوغۇتلاش، سۇغىرىشنى توختىتىش كېرەك.

**5. توپا يۆلەش:** كۆدىنى بىر قېتىم تېرىپلا ئۇدا 3 ـ 5 يىل ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ، ھەر قېتىملىق ئوغۇتلاشقا بىرلەشتۈرۈپ، بىر قېتىم توپا يۆلەش، سۇغىرىشتىن كېيىن بىر قېتىم چاغلاش لازىم.

**6. پارنىك يوتقانلىرىنى ئېچىپ يېپىش ۋاقتى:** يەر توڭلاشتىن بۇرۇن 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلاپ 12 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئۈستى-

# يازنىڭ تەرخەمكىنى سۇغىرىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

ھۆسەنجان تىلىۋالدى
(كورلا شەھىرى قارا يۇلغۇن يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 84100)

1. بىر تەرەپتىن سۇغىرىپ بىر تەرەپتىن مايسا تىكىشكە بولمايدۇ. چۈنكى مايسا تۇپراق تېمپېراتۇرىسىغا سەزگۈر كېلىدۇ. ئادەتتە سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى 7℃ ـ 8℃ ئەتراپىدا بولۇپ، يەرنى سۇغارغاندا تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى مايسا تىكىشتىن 3 ـ 4 كۈن بۇرۇن چۆنەك ئېچىپ، قاندۇرۇپ سۇغىرىپ، تۇپراق تېمپېراتۇرىسى 13℃ تىن ئاشقاندا ئاندىن مايسا تىكىش كېرەك.

2. مايسا تىككەندىن تارتىپ مېۋىلەشكىچە بولغان ئارىلىقتا تېمپېراتۇرا تۆۋەن ھەم مايسا تىكىشتىن بۇرۇن قاندۇرۇپ سۇغىرىلىدىغان بولغاچقا، ناھايىتى ئاز سۇغىرىلىدۇ. ئەگەر مايسا ئۇسسىغان بولسا ئاز مىقداردا سۇغىرىشنى ياپسا بولىدۇ. يېپىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن قۇرۇغان يوپۇرماقلىرىنى ئېلىۋېتىپ، تاختا يۈزىنى پاكىزلاش، كۆدە يىلتىزى ئەتراپىدىكى توپىنى چىقىرىۋېتىپ، قۇر ئارىلىقلىرىغا قويۇپ، تەكشىمان غولنى سىرتقا چىقىرىپ ئايتاپقا سېلىش، 4 ـ 5 كۈن توڭلىتىلغاندىن كېيىن ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىسىنى قۇيۇپ ئاندىن توپىنى ئەسلىي ئورنىغا قويۇش كېرەك. 1 ـ 2 كۈندىن كېيىن بىر قېتىم قاندۇرۇپ سۇغىرىپ، ھەر موسىغا 15 ـ 20 كىلوگىرام ئورىيا بېرىپ سۇغىرىش، سۇ سىڭگەندىن كېيىن قۇرۇق توپا سېپىپ، ئاندىن يالتىراق يوپۇق يېپىش، مۇھىمى كۈندۈزى ئېچىپ، كېچىسى يېپىش كېرەك، كۈندۈزى تېمپېراتۇرىنى 14℃ تىن يۇقىرى، كېچىسى 10℃ - 15℃ بولسا بولىدۇ، كۆدە مايىسى 30 سانتىمېتىر ئۆسكەندە بىرىنچى قېتىم ئورسا بولىدۇ، قىشتا 2 ـ 3 قېتىم ئورسا بولىدۇ، ئوروش ئاخىرلاشقاندا يالتىراق يوپۇقنى ئېلىۋېتىپ، ئوچۇق چىلىقتا يىلتىزنى كۈچلەندۈرسە بولىدۇ. (03)

باستۇرۇپ سۇغىرىشتىن ساقلىنىش كېرەك. مايسا تىككەندىن كېيىن مايسا ئەسلىگە كېلىش سۈيى قويۇشقا بولمايدۇ، مايسا مەزگىلىدە ئامال قىلىپ تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىش كېرەك. ئەگەر مايسا ئەسلىگە كېلىش سۈيى قويسا تۇپراق تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولۇپ، ئۆسۈشى ئاستىلاش، مايسا يىگىلەش قاتارلىق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

3. مېۋىلەش مەزگىلىدە ئاز ـ ئازدىن پات ـ پات سۇغىرىش تەلەپ قىلىنىدۇ، سۇغىرىشتا تۇرۇبا ئارقىلىق سۇغىرىش ۋە چۆنەكلەپ سۇغىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. تۇرۇبا ئارقىلىق سۇغارغاندا سۇ تەرخەمەك مايسىسىغا بىۋاسىتە يەتكۈزۈلىدۇ، سۇغىرىشتىن كېيىن پارنىك نەملىكى ئېشىپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. چۆنەكلەپ سۇغىرىشتا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك: (1) سۇغىرىش قېتىم سانىنى تۇپراق ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلەش لازىم. ئەگەر سۇغارغاندىن كېيىن بىر سائەت ئىچىدە سۇنىڭ ھەممىسى سىڭىپ كەتسە 1 ـ 2 كۈندە بىر قېتىم سۇغارسا بولىدۇ. ئەگەر سۇغىرىپ 2 ـ 3 سائەتكىچە سۇ سىڭىپ كەتسە 3 ـ 4 كۈندە بىر قېتىم سۇغارسا بولىدۇ. ئەگەر سۇغىرىپ يېرىم كۈنگىچە سۇ سىڭىپ بولالمىسا 5 ـ 7 كۈندە بىر قېتىم سۇغارسا بولىدۇ؛ (2) ھەر قېتىم سۇغىرىشتا يېرىم چۆنەك سۇ بىلەن سۇغىرىش، باستۇرۇپ سۇغىرىشتىن ساقلىنىش كېرەك؛ (3) چۈشتىن بۇرۇن سائەت 8 ـ 9 دىن ئىلگىرى سۇغىرىپ بولۇش، ھاۋا ئىسسىپ پارنىك تېمپېراتۇرىسى 25℃ تىن ئاشقاندا سۇغىرىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا مايسىنىڭ سولىشىپ قېلىشىنى، شۇنداقلا ھەر خىل كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلار كۆپىيىپ، مەھسۇلات تۆۋەنلەپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. (02)

# مېۋىلىك دەرەخنى ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش ئۇسۇلى

رىزۋانگۈل مويدۇن
(كورلا شەھىرى ئاۋات يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 843100)

ئادەتتە مېۋىلىك باغلارغا بىر كىلوگىرام مېۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن، ئىككى كىلوگىرام قوتان قىغى ياكى ئۈچ كىلوگىرام توخۇ مايىقى ياكى قوي قىغى بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. گەندە، سۈيدۈك قاتارلىق ئورگانىك ئوغۇتلارنى مېۋىلىك دەرەخكە ئاساسىي ئوغۇت ياكى قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ بەرگەندە باشقا قىغ ۋە كالىي ـ فوسفورلۇق ئوغۇتلار بىلەن مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەتسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

ياز ۋە كۈزدە زىرائەتلەرنىڭ قالدۇقلىرى، كۆكتات يوپۇرماقلىرى ۋە ئوت ـ چۆپ قالدۇقلىرىنى يىغىپ ئۇششاق توغراپ، دەرەخ ئارىلىرىغا ياكى باغقا 15 ـ 20 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا يېيىپ ئۈستىنى توپا بىلەن كۆمۈش كېرەك. ئادەتتە زىرائەت شاخ ـ شۇمبىلىرىنىڭ ئېچىشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ھەر مو يەرگە 40 كىلوگىرام ئازوتلۇق ئوغۇت ۋە 20 كىلوگىرام ئاممونىي كاربونات چېچىش ياكى مۇۋاپىق مىقداردا بىيولوگىيەلىك باكتېرىيە ئوغۇتى چېچىش كېرەك. كۈزدە ئاساسىي ئوغۇت بەرگەندە شاخ ـ شۇمبا ۋە ئوت ـ چۆپلەرنى بىۋاسىتە ئۇششاقلاپ ئېرىق ئېچىپ كۆمسىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭغا يەنە 3% لىك ئورېيا ياكى ئاممونىي كاربونات ئارىلاشتۇرسا، شارائىتى يار بەرسە قىغ ۋە توخۇ مايىقى، فوسفورلۇق ئوغۇتلارنى قوشۇپ كۆمسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قالدۇقلىرى ۋە تۇرمۇش ئەخلەتلىرى ھەم كۆكتات يوپۇرماقلىرى، ئوت ـ چۆپلەرگە مەلۇم نىسبەتتە ئېغىل قىغى قوشۇپ دۆملەپ ئېچىتقان كېيىن ئىشلەتسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئېرىق ـ ئۆستەڭ ۋە كۆلچەك لاتقىلىرىدا كۆپلىگەن ھايۋانات، ئۆسۈملۈك قالدۇقلىرى ۋە سۇدا چىرىگەن بەزى

# سىنك ئوغۇتىنى ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

ئايزىمگۈل يۈسۈپ
(ئۈنسۇ ناھىيە ئۈنسۇ بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 843000)

نۆۋەتتە ئىشلىتىۋاتقان سىنكلىك ئوغۇت تۈرلىرىدىن سىنك سۇلفات، سىنك خلور قاتارلىقلار بار بولۇپ، سىنك ئوغۇتىنى ئاساسىي ئوغۇت، قوشۇمچە ئوغۇتلاش يوپۇرماق ئوغۇتى، ئۇرۇق ئوغۇتى قىلسا بولىدۇ.

**1. ئاساسىي ئوغۇت:** ھەرمو قۇرغاق يەرگە 1 ـ 2 كىلوگىرام سىنك سۇلفات (硫酸锌) نى 10 ـ 15 كىلوگىرام يۇمشاق تۇپىغا ئارىلاشتۇرۇپ چېچىپ، ئاغدۇرۇپ تەكشىلەش كېرەك. ئوغۇتنى چۆنەكلەپ ياكى ئۆۋىلاپ بەرسىمۇ بولىدۇ. شال ئېتىزىغا ئىشلەتكەندە، يەرنى ئاغدۇرۇپ تىرنىلاپ تېرىش ھالىتىگە ياكى مايسا تىكىش ھالىتىگە يەتكەندە، ھەر مويەرگە 2 ـ 2.5 كىلوگىرام سىنك سولفات ئوغۇتىنى شاللىق ئېتىزىغا تەكشى چېچىپ، 3 ـ 4 سائەت ئۆتكەندە شال مايسىسىنى كۆچۈرسە بولىدۇ. مايسا ئوغۇتى قىلغاندا، ھەر مو يەرگە ئۈچ كىلوگىرام سىنك سۇلفاتنى تېرىشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى مايسا تاختىسىغا چېچىپ بەرسە بولىدۇ.

**2. قوشۇمچە ئوغۇتلاش:** شالغا ئادەتتە تۈپلىنىشنىڭ دەسلەپكى مەز- گىلىدە (مايسا كۆچۈرۈپ تىكىلگەندىن كېيىنكى 7 ـ 20 كۈن ئىچىدە) ھەر مو يەرگە 1 ـ 1.5 كىلوگىرام سىنك سۇلفاتنى قۇرۇق يۇمشاق تۇپىغا ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، تەكشى چېچىلىدۇ. مايسا ئېتىزىغا ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. مايسىنى يۇلۇۋېتىشتىن 1 ـ 2 كۈن ئىلگىرى ھەر مو يەرگە

---

ماددىلار تىنىپ قالىدۇ. بۇمۇ بىر خىل تېجەشلىك ھەم ئۈنۈملۈك ئورگانىك ئو- غۇت مەنبەسى بولۇپ، قۇرغاق پەسىللەردە ياكى ئېرىق ـ ئۆستەڭ سۇلىرى تار- تىلغاندا بۇ تۇپا لاتقىلارنى باغلارغا ئاساسىي ئوغۇت ياكى قوشۇمچە ئوغۇت قىل- سىمۇ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. كونجۇرە ئوغۇتلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى تېخىمۇ ئاشۇ- رۇش ئۈچۈن، ئاساسىي ئوغۇت قىلغاندا، كونجۇرە ئۆۋاقلىرىغا ئورگانىك ئو- غۇتلارنى مۇۋاپىق ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك. (05)

1.5 ـ 2 كىلوگىرام سىنك سۇلفات مايسىزارلىققا ئىشلىتىلىدۇ. كۆممىقو ـ ناقنىڭ مايسا مەزگىلىدىن بوغۇم تارتىش مەزگىلىگىچە، ھەر مو يەرگە 1 ـ 2 كىلوگىرام سىنك سۇلفاتنى 10 ـ 15 كىلوگىرام يۇمشاق توپىغا ئا ـ رىلاشتۇرۇپ، چۆنەكلەپ ياكى ئۇۋىلاپ بېرىلىدۇ.

**3. ئۇرۇق چىلاش:** 02.2% ـ 0.1% لىك سىنك سۇلفاتنىڭ ئېرىتمى ـ سىگە ئۇرۇقنى چىلاش كېرەك، ئۇرۇقنى ئېرىتمىگە چۆككۈدەك بولسا مۇۋا ـ پىق بولىدۇ، شالغا ئىشلەتكەندە، ئالدى بىلەن شال ئۇرۇقنى سۈزۈك سۇغا بىر سائەت چىلاپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن ئۇنى 0.1% لىك سىنك سۇلفات ئېرىتمىسىگە قويۇپ، 6 ـ 8 سائەت چىلاپ (قويۇقلۇقى 0.1% تىن ئېشىپ كەتسە، ئۇرۇقنىڭ بىخلىنىشىغا تەسىر يېتىدۇ) تېرىسا بولىدۇ.

**4. ئۇرۇق ئارىلاشتۇرۇش:** 2 ـ 6 گىرام سىنك سۇلفات ئازراق سۇ بىلەن ئېرىتىلىپ ھەربىر كىلوگىرام ئورۇققا پۈركۈلىدۇ (ئۇرۇق نەملەش ـ سە بولىدۇ) بىر تەرەپتىن پۈركۈپ بىر تەرەپتىن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇرۇق سالقىندا قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن تېرىلسا بولىدۇ، شال ئۇرۇقى بىخلىنىش ـ تىن ئىلگىرى 1% لىك سىنكلىك ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرسىمۇ بولىدۇ.

**5. يوپۇرماققا پۈركۈش:** شالنىڭ مايسا مەزگىلىدە پۈركۈسە ئەڭ ياخشى بولىدۇ، پۈركۈشتە 0.1% ـ 0.3% لىك سىنك سۇلفات ئېرىتمىسى ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىمدىن، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈلىدۇ، كۆممىقو ـ ناققا 0.5% لىك سىنك سولفات ئېرىتمىسى مايسا مەزگىلىدىن بوغۇم تار ـ تىش مەزگىلىگىچە ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىمدىن ئۇدا 1 ـ 2 قېتىم پۈر ـ كۈلىدۇ، ھەر قېتىمدا ھەر مو يەرگە 50 ـ 70 كىلوگىرام ئوغۇت سۇيۇق ـ لۇقى ئىشلىتىلىدۇ، مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئىشلىتىشتە يېڭى بىخلار چى ـ قىشتىن ئىلگىرى پۈركۈلسە بىرقەدەر بىخەتەر بولىدۇ. پۈركۈش قويۇقلۇقى 1% ـ 3% بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ، دائىم يېشىل تۇرىدىغان مېۋىلىك دەرەخ ـ لەرگە پۈركۈش قويۇقلۇقى 0.5% ـ 0.6% بولسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ.(05)

# قوناق شېخىنى ئېتىزغا قايتۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

قادىر ئوسمان
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 845350)

**1. قوناق شېخىنى ئېتىزلارغا قايتۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى:** (1) تۇپراقنىڭ ئورگانىك ئوغۇت تەركىبىنى ۋە ئازوت، فوسفور، كالىي قاتارلىق ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلارنىڭ مىقدارىنى كۆپەيتىدۇ، قوناق شېخى مۇھىم ئورگانىك ئوغۇت مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. قوناق شېخىدا كۆپ مىقداردا ئورگانىك ماددىلار بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئازوت، فوسفور، كالىي، ماگنىي، كالتسىي، گۈڭگۈرت قاتارلىق ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلار مول بولىدۇ. ئەگەر ھەرمو قوناق شېخىنى 600 كىلوگىرام ھېسابلىغاندا بىر مودىكى قوناق شېخى چىرىگەندىن كېيىن، بىر مو يەرگە 500 كىلوگىرام ئورگانىك ئوغۇت، 6.5 كىلوگىرام ئازوت، 20 كىلوگىرام كالتسىي سۇپېرفوسفات، 20 كىلوگىرام ئۆلچەملىك كالىي سۇلفات تولۇقلايدۇ؛ (2) تۇپراقنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى ياخشىلاپ، ئۇنۇمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. قوناق شېخىنى ئېتىزغا قايتۇرۇش بولسا، ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈش ۋە تۇپراقنىڭ ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرۇشتىكى قوش ئۇنۇمگە ئىگە. قوناق شېخىنى ئېتىزغا قايتۇرغاندىن كېيىن، تۇپراقنىڭ داندارلىق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، تۇپراقنىڭ سۇ، ئوغۇت ساقلاش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ؛ (3) تۇپراقتىكى مىكرو جانلىقلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قوناق شېخى چىرىش جەريانىدا كاربون تۆت ئوكسىد قويۇپ بېرىدۇ. بۇ تۇپراقنىڭ سىرتقى قەۋەتىدىكى كاربون تۆت ئوكسىدنىڭ قويۇقلۇقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يوپۇرماقنىڭ نۇر بىرىكتۈرۈش رولىنى تېزلىتىدۇ؛ (4) يەرلىك زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ يۇز بېرىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىدۇ. چوڭقۇر ئاغدۇرۇش ۋە شاخلارنى ئېتىزلارغا قايتۇرۇش، تۇپراقنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى ياخشىلاپ، قوناق پىتى ۋە باشقا يەر ئاستى زىيانداش پارازىتلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتىنى بۇزىدۇ. زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ يۇز بېرىش نىسبىتىنى تېز دەرىجىدە ئازايتىدۇ، ئادەتتە قوناق پەرۋانىسىنىڭ زىيان سېلىش دەرىجىسى 30% تۆۋەنلەيدۇ؛ (5) مۇھىتنى ئەللاشتۇرۇپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بىھۇدە ھادىسىلەرنى ئازايتىپ، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ (6) مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، قوناق شېخىنى ئۇدا ئۈچ يىل ئېتىزغا قايتۇرسا، تۇپراقنىڭ ئۇنۇمدارلىقى 1 ـ 2 ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. يىللىق مەھسۇلاتنى 50 كىلوگىرام ئاشۇرۇپ، ھەر مودىن 2 ـ 3 كىلوگىرام ئوغۇتنى تېجىگىلى بولىدۇ.

**2. قوناق شېخىنى ئېتىزغا قايتۇرۇش تېخنىكىسىدىكى مۇھىم نۇقتىلار:** (1) قوناق شېخىنى ئۇۋاقلاش: قوناق ھوسۇلىنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن، قوناق شېخىنى يانچىش ماشىنىسى ئارقىلىق ئېتىزدىكى قوناق شاخلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇششاقلاپ، شاخ ئۇۋاقلىرىنى 10 سانتىمېتىردىن تۆۋەن قىلىش كېرەك؛ (2) شاخقا چىرىش دورىسى ئىشلىتىش: شاخنى ئۇششاقلىغاندىن كېيىن ھەرمو يەرگە ئىككى كىلوگىرام شاخ چىرىتىش دورىسىغا، 15 ـ 20 كىلوگىرام نەم يۇمشاق توپا ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇۋاقلاپ بولغان زىرائەت شېخىنىڭ ئۈستىگە تەكشى چېچىش لازىم؛ (3) تۇپراق تەكشۇرۇپ رېتسىپلاپ ئوغۇتلاش كېرەك؛ (4) شاخنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ كۆمۈش ياكى تىراكتور بىلەن ئاغدۇرۇپ توپا بىلەن باستۇرۇش، ئاغدۇرۇش چوڭقۇرلۇقى 20 ـ 25 سانتىمېتىردىن يۇقىرى بولۇش كېرەك؛ (5) شاخنى تۇپراققا ئاغدۇرغاندىن كېيىن، ئەگەر تۇپراقنىڭ نەملىك ئەھۋالى ناچار بولسا، سۇغىرىپ تۇپراقنىڭ سۇ تەركىبىنى تەڭشەپ، شاخنىڭ چىرىشىنى تېزلىتىش كېرەك؛ (6) شاخنى بىۋاستە ئېتىزغا قايتۇرغاندا، كېسەللىك، ۋىرۇس، ئوت ئۇرۇقى ۋە ھاشارات لىچىنكىسىنىڭ تۇپراق قاتلىمىغا كىرىپ، كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات، ئوت ـ چۆپ زىيىنىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى ئۆرلەپ كېتىدۇ. شۇڭا ئېتىز پەرۋىشىدە كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات، ئوت ـ چۆپ زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. يەنى ئېتىز تۈزلەپ ياكى تېرىشتىن ئاۋۋال ۋاقتىدا دانچە دېھقانچىلىق دورىسىنى چېچىپ يەر ئاستى زىيانداش ھاشاراتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قىشتىن ئاۋۋال خىمىيەلىك ئوت ـ چۆپ يوقىتىش كېرەك.

**3. دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:** (1) شاخنى چوقۇم ئۇۋاقلاپ تەكشى چېچىش كېرەك، بولمىسا ئاغدۇرۇش ۋە تېرىشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ؛ (2) شاخنى ئېتىزغا قايتۇرغان ئېتىزلارنى چوقۇم چوڭقۇر ئاغدۇرۇش كېرەك؛ (3) شاخنى ئېتىزغا قايتۇرغان ئېتىزلار چوقۇم ئازوتلۇق ئوغۇتنى ئاشۇرۇپ ئوغۇتلاش، ئوغۇتلىغان ئازوتلۇق ئوغۇتنى چوقۇم شاخنىڭ ئۈستىگە چېچىش كېرەك؛ (4) يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، ئوغۇتنى پۈتۈن قاتلاملىرىغا كىرگۈزۈش، قوشۇمچە ئوغۇتلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك. (05)

# ئالما دەرىخىنى چاتاپ شەكىللەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش

رابىيەم ئىسمايىل
(قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 839000)

دەرەخ شەكىللىرىدىن تەبىئىي ئۇرچۇقسىمان دەرەخ شەكلى، شاخلىرى تەبىئىي يېيىلغان كىچىك تاجلىق شالاڭ قەۋەتلىك دەرەخ شەكلى، كىرىيىست تاجلىق دەرەخ شەكلى، يەلپۈگۈچسىمان دەرەخ شەكلى، كۆپ قەۋەتلىك دەرەخ شەكلى قاتارلىقلار بولۇپ، كۈز، قىش، ئەتىياز ۋە يازدىن ئىبارەت تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە چاتىسا بولۇۋېرىدۇ.

**كۈزدە چاتاش:** ئادەتتە 8 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە كۆپىنچە ئالما دەرىخىنىڭ غول شاخلىرىنىڭ يۆنىلىشىنى تەڭشەش ئۈچۈن، شاخلارنى تېرەك قويۇش، تارتىپ باغلاش، شاخقا تاش ئېسىپ قويۇش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىپ، شاخلارنىڭ بۇلۇڭىنى چوڭايتىش كېرەك. بەك زىچ ئۆسكەن شاخلار بىلەن ئىنچىكە ھەم ئاجىز شاخلار ۋە بويىغا زورلاپ ئۆسكەن شاخلارنى چاتاپ شالاڭلىتىش لازىم. كۈزدە 70 ـ 100 سانتىمېتىر ئۆسكەن شاخلارنىڭ بۇلۇڭى چوڭايتىلىدۇ، كۆپىنچە شاخلارنىڭ بۇلۇڭى ئاچا قويۇش ياكى ئالتىنچى نومۇرلۇق ۋە سەككىزىنچى نومۇرلۇق قاتتىق سىم بىلەن «M» شەكلىدە ياسالغان كېرىگۈچ قويۇش ئارقىلىق چوڭايتىلىدۇ، سىمنىڭ ئۇزۇنلۇقى شاخنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. بۇ كۆپىنچە 2 ـ 3 يىللىق نوتىلارنىڭ بۇلۇڭىنى چوڭايتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن چوڭ شاخلارغا ئاچا قويۇش، يەرگە قوزۇق قېقىپ تانا بىلەن شاخنى تارتىپ قويۇش كېرەك. بۇ ئارقىلىق دەرەخ تاجى ئىچىدىكى ئاساسىي شاخ بىلەن يان شاخلارنى ئۆز ئارا مىنگەشمەيدىغان قىلىپ، نورمال بوشلۇققا ئىگە قىلغىلى ھەمدە بۇ شاخلاردىكى مېۋە شاخلىرىنىمۇ نورمال تارقىلىپ، كۈن نۇرىنىڭ تەكشى چۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى ھەم يوپۇرماقلارنىڭ نۇر بىرىكتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**قىشتا چاتاش:** ئادەتتە ئالما دەرىخى 1 ـ ئايدىن 3 ـ ئايغىچە چاتىلىدۇ، بۇ مەزگىلدە ئاساسەن ياز، كۈز پەسىللىرىدە چاتالماي قالغان رىقابەتچى شاخ، بويىغا زورلاپ ئۆسكەن شاخ، سىرتىغا ئورۇنسىز كېڭەيگەن شاخ، كۆپ شاخلىغان، زىچ ئۆسكەن شاخ ۋە بەك تىك ئۆسكەن، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىغان ھەر خىل شاخلار چاتىلىدۇ، قىشتا چاتالغان ياكى كېسۋېتىلگەن جايغا ھاك، گۈڭگۈرت بىلەن مەلھەم تەييارلاپ سۈرۈپ، كېسەللىك مىكروبى يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدى ئېلىش كېرەك.

**ئەتىيازدا چاتاش:** ئالما دەرىخى ئەتىيازدا بىخلىنىشتىن ئىلگىرى

# ئانارنىڭ كۆزلۈك پەرۋىشى

كەنجىنۇر توختى
(ئاتۇش شەھىرى سۇلتاغ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 845350)

ئانارلىق باغلارنىڭ تېرىلغۇ تۇپراق قاتلىمى نېپىز، نەملىكى تۆۋەن، سۇغىرىش، ئوغۇتلاش شارائىتى ياخشى بولمىسا ئوزۇقلۇق يېتىشمەي، دەرەخنىڭ ئۆسۈشى ئاجىزلاپ، نورمال چېچەكى ئاز، چېكىنگەن چېچەكى كۆپ بولۇپ، مېۋىلەش نىسبىتى ۋە مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ، مېۋە دانىسى كىچىك، سۈپىتى ناچار بولىدۇ. شۇڭا باغ پەرۋىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

1. ئانارلىق باغنىڭ تۇپرىقىنى ياخشىلاشتا كۈزدە چوڭقۇر ئاغدۇرۇش ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى ئانارنىڭ يىلتىزى بىر مېتىر ئەتراپىدىكى تۇپراق قاتلىمىغا تارقالغان بولۇپ، چوڭقۇر ئاغدۇرغاندا بىر قىسىم يىلتىزلار كېسىلىپ قايتا شاخلاپ ئۆسۈپ، ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈش دائىرىسى كېڭىيىپ، يەر ئۈستىنىڭ ئۆسۈشى باراقسانلىشىدۇ. تۇپراقنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، ئانار دەرىخىنى بالدۇر مېۋىگە كىرگۈزگىلى بولىدۇ. باغ يېرىنى كۈزدە چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، ئەتىياز ۋە يازدا تېيىز ئاغدۇ-

---

مەركىزىي غول شاخ ياكى ئاساسلىق يان شاخلار، هارام شاخلار بىلەن ئاجىز، چېچەكلىرى ئاز شاخلارنىڭ بىخلىرى شالاڭلىتىلىپ، بويىغا زورلاپ ئۆسكەن شاخلار كېسىۋېتىلىدۇ، ئورنى مۇۋاپىق شاخلارنىڭ ئۇچى قىسقارتىلىدۇ.

**يازدا چاتاش:** كۆزلۈك نوتا ئۆسۈشتىن توختىغىچە بولغان مەزگىلدە ئاساسەن دەرەخ تاجىسى ئىچىدىكى يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاپ، شۇ يىلقى مېۋىلىرىنىڭ رەڭلىنىپ تولۇق پىششىپ يېتىلىشىگە، شۇنداقلا چېچەك بىخى ئاساسىنىڭ تولۇق يېتىلىشىگە شارائىت يارىتىش ئۈچۈن، بويىغا زورلاپ ئۆسكەن، زىچ شاخلارنى شالاڭلىتىش بىلەن بىرگە، ئالما دەرىخى غولىنىڭ قوۋزىقىنى هالقىسىمان سويۇش، بەزى مېۋە شاخلىرىنىڭ ئۇچىنى تولغاپ زەخمىلەندۈرۈش، ئاستىغا ئېگىپ قويۇش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، مېۋە شاخلىرىنىڭ ئۆسۈشى كونترول قىلىنىپ، كېيىنكى يىللىق چېچەك بىخلىرىنىڭ كۆپرەك شەكىللىنىشى تېزلىتىلىپ، چېچەك بىخلىرىنىڭ تولۇق شەكىللىنىشىگە يېتەرلىك ئوزۇقلۇق شارائىتى يارىتىپ بېرىلىدۇ. (03)

رۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. كۈزدە چوڭقۇر ئاغدۇرۇش 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئانارنى ئاساسىي ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاشقا بىرلەشتۈرۈپ، باغ يېرىنى 30 ـ 50 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇش بىلەن بىرگە، ئوت ـ چۆپ يوقىتىش كېرەك. بۇ دائىرىگە ئانارنىڭ يىلتىزى بىرقەدەر مەركەزلەشكەن بولۇپ، تۇپراقنىڭ تېمپېراتۇرىسى ۋە سۇ تەركىبىمۇ بىرقەدەر تۇراقلىق بولىدۇ. ئوغۇتنى چوڭقۇر بەرگەندە يىلتىزنىڭ ئوزۇقلۇقنى بىۋاستە سۈمۈرۈشىگە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، ياۋا ئوت ـ چۆپ ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

2. ئانارنى كۈزدە ئوغۇتلاشتا دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئوغۇتلار مەھەللىۋى ئوغۇت، كۆنجۈرە، يېشىل ئوغۇت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. كۆپىنچە مېۋىنى ئۈزۈۋالغاندىن كېيىن (10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە) ھەر تۈپكە 30 ـ 50 كىلوگرام، ھەرمو يەرگە 1.5 ـ 3 مىڭ كىلوگرام ئاساسىي ئوغۇت بېرىلىدۇ. كۈزدە ئوغۇت ئوغۇتلاشنىڭ ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولۇپ تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ ئانارنى زۆرۈر بولغان ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئانار دىكى تولۇق يېتىلگەن چېچەك كۆپىيىپ، مەھسۇلاتى يۇقىرىلايدۇ.

قوشۇمچە ئوغۇت ئانارنىڭ ھەرقايسى ئۆسۈش مەزگىلىدىكى ئۆسۈشىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى، مېۋىلەشنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ۋە تۇپراقنىڭ ئوزۇقلۇق ئەھۋالىغا ئاساسەن بېرىلىدۇ. مېۋىسى رەڭ ئالغان مەزگىلدە فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇتنى سويۇلدۇرۇپ يوپۇرماقتىن چاچقاندا، مېۋىنىڭ چوڭىيىشىنى تېزلىتىپ، ئانار دانىسىنىڭ بىردەك بولۇشى، رەڭگىنىڭ قېنىق بولۇشى ۋە مېۋە سۈپىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا ھەم چېچەك بىخلىرى تولۇق يېتىلىپ كېلەر يىلى مول ھوسۇل ئېلىشقا ئاساس سالغىلى بولىدۇ.

3. ئانار دىن يۇقىرى مۇقىم مەھسۇلات ئېلىش ئۈچۈن سۇغىرىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئانارنىڭ كۈزدە يوپۇرمىقى تۆكۈلۈپ (11 ـ ئاينىڭ باش ئوتتۇرىلىرى) كۆمۈشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن توڭ سۈيى قويۇپ، چۆنەك ئېچى قۇرۇغاندىن كېيىن كۆمۈش كېرەك. ھەرگىزمۇ ئۈياقتىن سۇغىرىپ بۇياقتىن كۆمۈشكە بولمايدۇ، بۇنداق قىلغاندا شاخلار، بىخلار سېسىپ كېتىدۇ. ئانار چېچەكلەپ بىر ئايدىن كېيىن (7 ـ ئاينىڭ باش ئوتتۇرىلىرى)

# چىلانىنى شەكىلگە كىرگۈزۈپ چاتاش ئۇسۇلى

ئەمەرجان توختى
(چەرچەن ناھىيە ئاقتىكەن دۆڭ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن841900)

**1. كۆچەتنى شەكىلگە كىرگۈزۈپ چاتاش:** چىلان كۆچىتى تىكىلگەن يىلى 3 ـ 5 تال شاخنى تاللاپ، 50 سانتىمېتىر ئۆسكەندە ئۇچىنى ئۈزۈپ، ئىككىلەمچى شاخنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، غول شاخلارنى يېتىلدۈرۈش كېرەك، 1 ـ قەۋەتتىكى غول شاخنىڭ سانى ئۈچ تالغا يەتمىسە ئۈزىراپ ئۆسكۈچى غول شاخنىڭ كېسىلگەن ئورۇنىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكى 2 ـ ۋە 3 ـ ئىككىلەمچى شاخنىڭ 1 ـ بوغۇمىنى قالدۇرۇپ قىسقارتىپ كېسىپ، 1 ـ قەۋەتتىكى ئاساسىي غول شاخنى تەربىيەلەپ، 1 ـ قەۋەتتە 3 ـ 4 تال ئاساسىي شاخ بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. 2 ـ يىلى بىخلانغاندىن كېيىن ئاساسلىق يان شاخنىڭ يېتەكچى شىخىدىن باشقا شاخلارنىڭ ئۈچ قىسمىنى كېسىۋېتىش ياكى قىسقارتىپ كېسىش كېرەك. ئاساسلىق يان شاخلارنىڭ ئۈچ قىسمىنى ئۆسۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن، 50 ~ 80 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا قالدۇرۇپ كېسىش كېرەك. 3 ـ يىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن چاتىغاندا قەۋەتسىمان شەكىلگە كىرگۈزۈپ چاتاش كېرەك.

بىر قېتىم سۇغارغاندا مېۋىلەرنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك بولۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مېۋىنىڭ قەنت مىقدارى يۇقىرىلاپ، رەڭگى ياخشىلىنىدۇ ۋە مېۋىنىڭ چوڭىيىشى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

4. كۈزلۈك چاتاشتا ئاساسلىقى بىرقەدەر چوڭ شاخلارنى مۇۋاپىق شالاڭلىتىش، كىچىك شاخلارنى ھەرگىزمۇ شالاڭلىتىۋەتمەسلىك كېرەك. چوڭ شاخلارنى شالاڭلاتقاندا بىر قېتىمدىلا دەرەخ تاجىسىنى شالاڭلاشتۇرۇپ، غىلى، زەخىملىنىش كۆلىمىنى ئازايتىپ، دەرەخنى ئاجىزلاشتۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. كىچىك شاخلارنى يەنى ئىككى يىللىق شاخلارنى شالاڭلاتقاندا مېۋىلەش ئورنى (ئانار دەرىخى ئىككى يىللىق شاخلارنىڭ ئۈچ ۋە ئۇچقا يېقىن جايدا مېۋە بېرىدىغان بولغاچقا)، مېۋە شاخلىرى كۆپلەپ كېسىلىپ، مېۋە بېرىشكە تەسىر يېتىدۇ. ئۇندىن باشقا تىك ئۆسكەن ئارتۇق شاخلارنى كېسىۋېتىش كېرەك. (03)

**2. مېۋىگە كىرگەن كۆچەتلەرنى چاتاپ شەكىللەندۈرۈش:** مېۋىگە كىرگەن مەزگىلدىكى چىلان كۆچىتىنىڭ ئۆسۈشى تەدرىجىي ئاجىزلاپ، دەرەخ تاجىسىنىڭ كېڭىيىشى ئاستىلايدۇ، دەرەخ تاجىسىنىڭ ئاساسىي شېخى، يان شېخى بىر تەكشىلىكتە ئۆسىدۇ. مېۋىگە كىرگەن مەزگىلدىكى چىلان كۆچىتىنى چاتاشتىكى مەقسەت، شاخلارنىڭ ئۆسۈشى ۋە تارقىلىشىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، دەرەخ تاجىسىنىڭ يورۇقلۇق، ھاۋا، ئوزۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاپ، مېۋە شاخ گۇرۇپپىسىنىڭ مېۋىلەش ئىقتىدارىنى ئۇزۇن مەزگىل جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا چاتىغاندا مۇقىم بولغان دەرەخ شەكلىنى ساقلاپ، ھارام شاخلارنى ۋاقتىدا چاتاپ، شاخلارنى مۇۋاپىق تارقاقلاشتۇرۇپ، بويىغا زورلاپ ئۆسكەن شاخلارنى، رىقابەتچى شاخلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، تۆۋەنگە ساڭگىلىغان، بەك زىچ، ئاجىز ئۆسكەن شاخلارنى ۋە كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىغان شاخلارنى كېسىۋېتىش كېرەك. ھەرقايسى شاخلارنىڭ مەلۇم بوشلۇقتا مۇقىم يۆنىلىشتە ئۆسۈشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، دەرەخ تاجىسىنىڭ يورۇقلۇق، ھاۋا، ئوزۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك.

**3. ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن دەرەخلەرنى چاتاش:** بەزى چىلان دەرەخلىرىنىڭ ئۆسۈشى ۋە باشقۇرۇلۇشى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلگەنلىكتىن، دەرەخنىڭ ئاساسلىق غول شېخى كۆپ بولۇش، دەرەخ تاجىسى زىچ ۋە قالايمىقان بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتى تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭا شەكىلگە كىرگۈزۈلمىگەن دەرەخنىڭ غول شېخىنى تەڭشەپ، دەرەخ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، مىنگىشىۋالغان شاخلارنى چاتاش بىلەن بىرگە يېڭى شاخلارنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

**4. قېرىغان دەرەخلەرنى چاتاش:** قېرىغان چىلان دەرەخلىرىدىكى شاخلارنىڭ تەبىئىي يېڭىلىنىش ئەھۋالى ۋە چاتاش ئۇسۇلى بويىچە، ئۆسۈش ئورنى مۇۋاپىق بولغان ۋە پايدىلىنىشقا بولىدىغان ھارام شاخلارنى قىسقارتىپ كېسىش ئارقىلىق، تىمەن شاخنى يېتىلدۈرۈپ، قېرىپ كەتكەن شاخلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، شاخلارنى يېڭىلاپ، مېۋىلەش ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. (03)

# ئەنجۈر دەرىخىنى شەكىللىك كىرگۈزۈپ چاتاشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

غۇلام ئۆمەر باقى
(ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 845350)

1. ئەنجۈرنى شەكىللىك كىرگۈزۈپ چاتاش جەريانىدا، ئۆسۈش ھالىتىنى تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تايانچ شاختىكى كۈچلۈك ئۆسكەن شاخنى مۇۋاپىق قىسقارتىپ كېسىش، ئاجىز ئۆسكەن شاخنى مۇۋاپىق ئۇزۇنراق قالدۇرۇپ كېسىش كېرەك.

2. بولۇق مېۋە بېرىدىغان ئانا شاخنى قالدۇرۇپ، ئاجىز ئۆسكەنلىرىنى شالاڭلىتىپ كېسىش كېرەك. لېكىن مېۋە بېرىدىغان ئانا شاخنى قىسقارتىپ كەسمەسلىك، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىغان ھەم زەخىملەنگەن، قۇرۇق شاخلارنى ۋە زىچ ئۆسكەن شاخلارنى كېسىۋېتىش كېرەك. ئاجىز ئۆسكەن ئىنچىكە شاخلارنى، قېرىغان شاخلارنى 2 ـ 3 دانە بىخ قالدۇرۇپ قىسقارتىپ كېسىش كېرەك. بويىغا زورلاپ ئۆسكەن شاختا بوشلۇق بولسا مۇۋاپىق قىسقارتىپ، شاخلىتىپ ئۇنىڭدىن مېۋە بېرىدىغان ئانا شاخ يېتىشتۈرۈلىدۇ. ئەگەر بوشلۇق بولمىسا تۈۋىدىن كېسىۋېتىلىدۇ.

3. شاخلىنىشى ئاجىز سورتلارنىڭ بىر قىسىم ئانا مېۋە شاخلىرىنىڭ 1/2 قىسمىنى قىسقارتىپ كېسىپ، ئوتتۇرا، تۆۋەن قىسمىدىن شاخ يېتىشتۈرۈپ مېۋىلىتىش، ئېغىر چاتاپ مەھسۇلاتقا تەسىر يەتكۈزمەسلىك كېرەك. دەرەخ يېشى چوڭ بولۇپ، ئۆسۈش ئاجىزلاشقان شاخ گۇرۇپپىسى ياكى يان شاخنى شاخ ئايرىغان قىسمىدىن كېسىپ، بىخلاندۇرۇپ، شاخنى يېڭىلاش لازىم. ئەنجۈرنى يازلىق چاتاشتا يېڭى نوتىنىڭ ئۇچى كېسىلىدۇ، يەنە يانىدىن ئۆسۈپ چىققان ئۈنۈمسىز شاخ كېسىۋېتىلىدۇ. ياش دەرەخ مەزگىلىدە، يازدا ئۇچىنى كېسىپ، شەكىللىك كىرگۈزۈش تېزلىتىلىدۇ، ھەرقايسى جايلاردا ئۆسۈش مەزگىلىگە ۋە ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن-

# چىلانلىق باغلارنىڭ تۇپراق بەرۋىشى

ئەركىن نىياز
(چەرچەن ناھىيە قۇراملىق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841900)

1. قۇمساڭ يەرلەردىكى تۇپراقنىڭ بوران ـ شامالدا ئېقىپ يوقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، توپا يېيىتىپ قۇمنى باستۇرۇش كېرەك. سېغىز تۇپراققا قۇم تۆكۈپ، تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتۈشچانلىقىنى ياخشىلاش كېرەك. شورلۇق تۇپراققا زەي چىقىرىۋېتىش ئېرىقى چېپىش، شورنى باسۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شورنى تىزگىنلەش كېرەك.

2. باغ يېرىنى كۈزدە ئوغۇتلاشقا بىرلەشتۈرۈپ، 40 ـ 60 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇش كېرەك.

3. ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە سۇغىرىش، ئوت ـ چۆپ يوقىتىشقا بىرلەشتۈرۈپ، باغ يېرىنى 10 ـ 20 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولتىۋاتسىيە قىلىش قىلىش كېرەك.

4. چىلانلىق باغقا يېشىل ئوغۇت ئۆسۈملۈكىنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش ئارقىلىق، تۇپراق ئۇنۇمدارلىقىنى يۇقىرىلىتىپ، تۇپراق سۈپىتىنى ياخشىلاش كېرەك.

---

لىكىگە ئاساسەن، ئۈچىنى كېسىشكە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى ياكى مۇۋاپىق ۋاقتىنى ئۆزلىرى بېكىتسە بولىدۇ. بويىغا زورلاپ ئۆسكەن شاخنى بوشلۇق بولسا قالدۇرۇپ، بوشلۇق بولمىسا شالاڭلىتىپ كېسىش كېرەك. ئەنجۈرنىڭ يىلتىزىدىن ۋە بىر قەدەر پاراللېل شاخلىرىدىن ئۆسكەن شاخلارنى بوشلۇق بولسا، دەسلەپتە ئۆسۈش مەزگىلىدە ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىرغا يەتكەن چاغدا، ئۈچىنى كېسىپ ئىككىلەمچى شاخ پەيدا قىلىپ، مېۋە شاخ گۇرۇپپىسى يېتىشتۈرۈلىدۇ. ئەگەر بوشلۇق بولمىسا، بالدۇرراق كېسىۋېتىپ ئوزۇقلۇقنى تېجەش كېرەك.(03)

5. چىلان مېۋىسىنى يىغىۋېلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ۋە يوپۇرماق تۆ ـ كۈلۈشتىن ئىلگىرى ئاساسىي ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك. ئەگەر كۈز ـ دە ئوغۇتلاشقا ئۈلگۈرەلمىسە، ئەتىيازدا توك ئېرىپ دەرەخ بىخ سۈرۈشتىن بۇرۇن ئاساسىي ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىسىمۇ بولىدۇ. ئادەتتە مېۋە بەرگىنىد ـ گە بىر يىل بولغان ھەربىر تۈپ كۆچەتكە 5 ـ 10 كىلوگىرام تولۇق چىرىد ـ گەن ئورگانىك ئوغۇتقا 100 ـ 200 گىرام ئازوت، فوسفور، كالىيلىق بىد ـ رىكمە ئوغـۇتنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، ھالقىسىمـان ئورەك كولاپ ياكى نۇرسىمان ئېرىقچە چېپىپ ئوغۇتلاش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. ھالقىسىمان ئو ـ رەك كولاپ ئوغۇتلاشتا ، تۈپتىن 40 سانتىمېتىر يىراقلىقتا، كەڭلىكىنى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى 40 ـ 50 سانتىمېتىر قىلىپ ھالقىسىمان ئورەك كولاپ ئوغۇتلاش لازىم. نۇرسىمان ئېرىقچە چېپىپ ئوغۇتلاشتا دەرەخ تۈۋىدىن 15 سانتىمېتىر يىراقلىقتا يۆنىلىنىشىنى سىرتقا قارىتىپ، ئۇزۇنلۇقىنى دە ـ رەخ تاجىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسەن بېكىتىپ، 30 سانتىمې ـ تىر كەڭلىكتە، 20 ـ 40 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا 4 ـ 8 دانە ئېرىقچە كولاپ، ئوغۇتنى ئېرىقچىغا تۆكۈپ كۆمۈپ ئوغۇتلاش لازىم. ئادەتتە نۇرسىد ـ مان ئېرىقچىنىڭ دەرەخ غولىغا يېقىنراق جايى تېيىزراق، يىراقراق جايى چوڭقۇرراق كولىنىدۇ. 3 ـ 7 يىللىق چىلان دەرىخىنى 20 ـ 30 كىلو ـ گىرام تولۇق چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇتقا 350 ـ 400 گىرام ئازوت، فوس ـ فور، كالىيلىق بىرىكمە ئوغۇت، 3 ـ 5 كىلوگىرام كۈنجىرەنى ئارىلاشتۇ ـ رۇپ، تۈپتىن 80 سانتىمېتىر يىراقلىقتا، 30 سانتىمېتىر كەڭلىكتە، 20ـ30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ھالقىسىمان ئورەك كولاپ ياكى نۇرسىمان ئېرىقچە چېپىپ ئوغۇتلاش كېرەك. (03)

## پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان شوخلىنىڭ يۇقۇملىنىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

خالىدەم سۇلتان
(باي ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 842300)

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان شوخلىنىڭ يۇقۇملىنىش كېسىلى يوپۇرماق، يوپۇرماق ساپىقى، يۇمران غول ۋە مېۋىسىگە زىيان سالىدۇ. مايسا مەزگىلىدە پەيدا بولسا غولنىڭ يەر يۈزىگە يېقىن قىسمى ئىچىگە ئويۇلۇپ، قېنىق قوڭۇر رەڭلىك سوزۇنچاق يۇملاق داغلار ھاسىل بولىدۇ. غول قىسمى كېسەللەنسە، كېسەللەنگەن ئورۇندا كۆلرەڭ قوڭۇر رەڭلىك ئىچىگە ئويۇلغان ھالقىسىمان داغ ھاسىل بولىدۇ، ئېغىر بولغاندا پۈتۈن تۈپ بويىچە قۇرۇپ كېتىدۇ. مېۋىسى كېسەللەنسە كۆپ ھاللاردا مېۋىنىڭ ساپاق قىسمىغا يېقىن جايدا يۇملاق ئولتۇرۇشقان داغلار ھاسىل بولىدۇ، كېسەللەنگەن ئورۇن قاتتىق بولىدۇ. نەملىك يۇقىرى بولغان ئەھۋالدا كېسەللەنگەن ئورۇنىنىڭ يۈزىدە قويۇق قارا رەڭلىك پاختىلىنىش ھاسىل بولىدۇ. ئادەتتە مېۋىسى چىرىمەيدۇ، كېيىنكى مەزگىلدە بەزىدە مېۋىسى يېرىلىدۇ. بۇ كېسەللىك يەنە مۇچ (لازا) پىدىگەن ۋە بەرەڭگە قاتارلىقلارغىمۇ زىيان سالىدۇ.

**2. كېسەللىك سەۋەبى:** كېسەللىك مىكروبى كېسەللەنگەن تۈپ قالدۇقلىرى، ئۇرۇق ۋە تۇپراقتا قىشتىن ئۆتىدۇ، ئىككىنچى يىلى شامال، يامغۇر ئارقىلىق تارقىلىدۇ، يۇقىرى تېمپېراتۇرا يۇقىرى نەملىك شارائىتىدا ئاسان پەيدا بولىدۇ، ئادەتتە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 20℃ - 25℃، نەملىكى 80% دىن يۇقىرى بولغاندا، تۇمانلىق ياكى ئۇدا ھاۋا تۇتۇق كۈنلەردە تېز كۆپىيىدۇ. شۇڭا ھەر يىلى يامغۇر پەسلى يېتىپ كېلىشىنىڭ بالدۇر بولۇشى، ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ كۆپ بولۇشى كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش مەزگىلى ۋە پەيدا بولۇش دەرىجىسىگە بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئۇندىن باشقا ياخشى پەرۋىش قىلمىغان ۋە ئاساسىي ئوغۇت يېتەرلىك بېرىلمىگەن، يەر شەكلى ئويمان، زىچ تېرىلغان ھاۋا ئۆتۈشۈش شارائىتى ناچار ئېتىزلاردا كېسەللىك بىرقەدەر ئېغىر پەيدا بولىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) كېسەلگە چىداملىق سورتلارنى تاللاپ، پىدىگەن ئائىلىسىدىكى زىرائەتلەردىن باشقا زىرائەتلەر بىلەن 2 -

# دائىم ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق دورىلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى

شەرۋانگۇل تۇرسۇن
(بورتالا شەھىرى ئۇتۇبۇلاق بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 834100)

**1. ماركىسى ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈش:** دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئاستىنقى قىسمىدا ماركىسىنىڭ تۆۋەندىكى گىرۋىكى بىلەن تەكشى رەڭگى ئۆزگەرمەيدىغان بىر قۇر رەڭلىك سىزىقچە بولۇپ، ئۇ ئىپادىلىنىش سىزىقى دەپ ئاتىلىدۇ. ماركىسىنىڭ ئاستىدىكى سىزىق قىزىل بولسا ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىسى، يېشىل بولسا ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسى، قارامتۇل سېرىق بولسا مىكروب ئۆلتۈرۈش دورىسى، كۆك، بولسا چاشقان ئۆلتۈرۈش دورىسى، بولسا ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈشىنى تەڭشىگۈچى دورا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**2. دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ زەھەرلىك ۋە زەھەرسىزلىكىنى پەرقلەندۈرۈش:** ماركىسىنىڭ ئۈستىدە «☠» بەلگە بولسا كۈچلۈك زەھەرلىك دورا بولۇپ، ماركىسىنىڭ سىرتىدا قىزىل خەتلىك «ئەڭ كۈچلۈك زەھەرلىك» خەت يېزىلغان بولىدۇ. ماركىسىنىڭ ئۈستىدە «☠» بەلگە

---

3 يىل نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش؛ (2) ئەتىگەن ۋە كەچقۇرۇن چۆنەكلەپ يېنىك سۇغىرىش، باستۇرۇپ سۇغىرىشتىن ساقلىنىش؛ (3) خىمىيەلىك دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىشتا، كېسەللىك پەيدا بولغان دەسلەپكى مەزگىلدىن باشلاپ 72% لىك پىرىۋىكور (普力克) ياكى يىنفالى (银法利) نىڭ 600 ـ 800 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى چېچىش ياكى 64% لىك ساندۇفان (杀毒矾) نەملىنىشچان پاراشوكى ياكى 75% لىك داكونىل (百菌清) پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ياكى 72% لىك كۇرزات (杜邦克露) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 800 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىمدىن، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم پۈتۈن تۈپكە تەكشى پۈركۈش كېرەك. (02)

بولسا ئوتتۇراھال زەھەرلىك دورا بولۇپ، ماركىسىنىڭ سىرتىدا قىزىل خەتلىك «ئوتتۇراھال زەھەرلىك» خەت يېزىلغان بولىدۇ. ماركىسىنىڭ سىرتىدا يۇقىرىقىدەك بەلگە بولمىسا تۆۋەن زەھەرلىك دورا بولۇپ، ماركىسىنىڭ سىرتىدا قىزىل خەتلىك «تۆۋەن زەھەرلىك» خەت يېزىلغان بولىدۇ. مەسىلەن: پاراشوكسىمان پاراشوك دانىچە دورا قاتارلىقلاردا ئادەتتە قىزىل رەڭلىك ياكى قوڭۇر قىزىل رەڭلىك خەت بولىدۇ.

**3. پاراشوك ۋە ئېرىشچان پاراشوكنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش:** ① پاراشوك: رېزىنكە پەلەي كىيىپ بىر سىقىم پاراشوكنى ئېلىپ، قول بىلەن سىقسا كاللەك بولسا سۇ تەركىبىنىڭ يۇقىرى، پارچىلىنىشىنىڭ ناچارلىقىنى، سۈپىتىدە مەسىلە بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەكسىچە سىققاندا كاللەك بولمىسا سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ② ئېرىشچان پاراشوك: ئاز مىقداردىكى دورىنى سۇ يۈزىگە چاچقاندا، سۇدا ناھايىتى تېز ئېرىپ سۈزۈك ئېرىتمىنى ھاسىل قىلسا، بۇ سۈپىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. چايقىغاندىن كېيىن سۇدا كىرىستال ھالەتتىكى ماددا بولسا بۇ دورىنىڭ سۈپىتىدە مەسىلە بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

**4. سۇيۇق دورا، سۈتسىمان ماي دورا، مايسىمان دورىلارنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش:** سۇغا ئاز مىقداردىكى ئېرىتمە دورىنى قوشقاندا، سۇدىكى ئېرىتمىدە دۇغلىنىش ھادىسىسى يۈز بەرسە، سۈپىتىدە مەسىلە بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

سۈتسىمان ماي دورىنى سۇغا قوشقاندا چۆكمە ھاسىل بولۇپ، مايلىشىۋالسا سۈپىتىدە مەسىلە بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ماي دورىلار، دورىنىڭ سىرتىدىن قارايدىغان بولسا ئۇ ئۆزىدىنلا سۈزۈك بولماسلىق ياكى قاتلاملارغا بۆلۈنۈشۈش ھادىسىسى كۆرۈلگەن بولسا سۈپىتىدە مەسىلە بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. (03)

# ئالمىنىڭ ئاق توزان كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

گۈزەلنۇر ئابدۇۋايىت
(يوپۇرغا ناھىيە ئەشمە بازارلىق ئورمان پونكىتىدىن 844400)

**كېسەللىك ئالامىتى:** بۇ كېسەللىك كۆپ ھاللاردا يوپۇرماقتا پەيدا بولىدۇ، كېسەللەنگەن يوپۇرماقتا دەسلەپتە ئۇششاق ئاقۇش كۇلرەڭ داغ پەيدا بولۇپ، كېيىن يوپۇرماق قورۇلۇپ قالىدۇ، يۇمران شاخلىرى كېسەللەنسە يوپۇرماق چىقىرالمايدۇ ۋە شاخنىڭ ئۇچى ئېگىلىپ قورۇلۇپ قالىدۇ. ئېغىر بولغاندا شاخ ۋە مېۋىلەرگىمۇ زىيان سالىدۇ ۋە يوپۇرماق، شاخلارنى ئاق توزان قاپلايدۇ، نەتىجىدە شاخلار قۇرۇپ، يۇمران مېۋە يىگىلەپ چۈشۈپ كېتىدۇ.

**پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** بۇ خىل كېسەللىكنى ئاق توزان زەمبۇرۇغى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. زەمبۇرۇغ يىپچىلىرى يىپىق خالتىلىق مېۋە تېنى ئارقىلىق كېسەللەنگەن قىسىمدا ۋە قىشلىق بىخلار ئارىسىدا قىشلايدۇ. 2 - يىلى ئەتىيازدا كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى زەمبۇرۇغ يىپچىلىرى ئارقىلىق تارقىلىدۇ. دەرەخ بەك زىچ تىكىلگەن، ياخشى پەرۋىش قىلمىغان نەملىك بىر قەدەر يۇقىرى بولغان باغلاردا كېسەللىك ئاسان پەيدا بولۇپ 5 - ، 6 - ئايلاردا كېسەللىك ئەۋجىگە چىقىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) كۈز ۋە قىش پەسلىدە مېۋىلىك دەرەخلەرنى چاتاشقا بىرلەشتۈرۈپ كېسەللەنگەن شاخلارنى كېسىۋېتىش، تۆكۈلگەن يوپۇرماقلارنى يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش، يازلىق نوتىلاردا كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلسە، ئۆز ۋاقتىدا ئۈزۈپ ئېلىۋېتىش لازىم؛ (2) چېچەكلەشتىن بۇرۇن ۋە كېيىن بىر قېتىم دورا چېچىش لازىم. يەنى 50% لىك مېتىل توپسىن (甲基托布津) نەملىنىشچان پاراشوكىنى 800 ھەسسە، 50% لىك باۋىستىن (多菌灵) نەملىنىشچان پاراشوكىنى 1000 ھەسسە، 40% لىك تىرئادىمېفون (粉锈宁) نەملىنىشچان پاراشوكىنى 2000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش كېرەك. (05)

# دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر قىلىدىغان ئامىللار

ئابلەت ئابلىز
(ئۈنسۇ ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن 843100)

1. ئۆسۈملۈك كېسەللىكلىرى ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئوبيېكتىغا قاراپ تاللاپ ئىشلىتىش لازىم.

2. دېھقانچىلىق دورىلىرىنى بەك بالدۇر ياكى بەك كېيىن ئىشلەتمەي، ۋاقتىدا ئىشلىتىش لازىم. ئالدىنى ئېلىشقا سەل قاراپ، پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتكەندە ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

3. كۆپ يىللىق تەكشۈرۈپ توپلىغان ماتېرىياللار كەمچىل بولۇش، ئۇنىۋېرسال ئانالىز قىلماسلىق، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى، تۈرلىرى، ياشاش ئادىتى، پەيدا بولۇش ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى تولۇق ئىگىلىمەسلىك تۈپەيلىدىن، ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ، دورا ئىسراپچىلىقى كېلىپ چىقىدۇ.

4. ئەگەر دېھقانچىلىق دورىسىنى چېچىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقتىنى توغرا ئىگىلىمىسە، دورا ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. يازدا ئەتىگەندە شەبنەم قۇرۇغاندىن باشلاپ سائەت 10:00 گىچە ياكى چۈشتىن كېيىن سائەت 4:00 تىن 8:00 گىچە دورا چاچسا بولىدۇ، ئەتىگەندىكى شەبنەم مەزگىلىنى ۋە چۈشتىكى يېڭىغىرىم ئىسسىق مەزگىلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ دورا چاچقاندا، دورا ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

5. دورا چېچىش ئورنى توغرا تاللانماسلىق، دورىنى تەكشى چاچماسلىق، كۆپ ياكى ئاز چېچىش قاتارلىقلار دورا ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، شۇڭا دورا چاچىدىغان ئورۇننى تاللاش ئىنتايىن مۇھىم. مەسىلەن: قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، چوقۇم دورىنى يوپۇرماقنىڭ كەينى تەرىپىگە چېچىش؛ كۆك پىتنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا دورىنى يوپۇرماقنىڭ ئالدى ۋە كەينىگە چېچىش بىلەن بىللە يەنە، يېڭى يوپۇرماقلارغىمۇ چېچىشقا دىققەت قىلىش؛ باكتېرىيە يوقىتىش دورىسىنى يوپۇرماق، شاخ، مېۋە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە چېچىش لازىم. ئوزۇقلۇق دورىلىرىنى يوپۇرماقنىڭ كەينىگە چېچىش كېرەك. دورىنى تەكشى چېچىش، كۆپ چاچماسلىق، ئالا

# پارنىكلاردا كېسەللىك، زىياندىش ھاشاراتلارنىڭ تەكرار پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

مىراجىگۇل خېلىل   رازىيەگۇل
(توقسۇن ناھىيە ئىلانلىق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 848100)

ئادەتتە پارنىكلاردا كېسەللىك، زىياندىش ھاشاراتلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، بالدۇر پەيدا بولىدۇ ھەم زىيىنى ئېغىر بولىدۇ. بىرىنچىدىن، پارنىك مۇھىتى كېسەللىك، زىياندىش ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىككىنچىدىن، تۇپراق ئارقىلىق تارقىلىدىغان كېسەللىكلەر ئېغىر بولىدۇ. پارنىكتا تەكرار تېرىش كۆرسەتكۈچى يۇقىرى بولغاچقا، كېسەللىك مىكروبىنىڭ پارازىت دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئاساسەن كۆكتاتلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك زىيان سالىدۇ. شۇڭلاشقا تۇپراق ئارقىلىق تارقىلىدىغان كېسەللىكلەر يىلمۇ ـ يىل تۇپراقتا جوغلىنىپ، ئېيتىزدىكى كېسەللىك مىكروبىنىڭ مەنبەسىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئۈچىنچىدىن، يۇقىرى تېمپېراتۇرا، يۇقىرى نەملىك ھەر خىل كېسەللىك مىكروبلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە پايدىلىق. پارنىكلار كۆپىنچە كەچ كۈز، قىش ۋە باش ئەتىيازدا ئىسسىقلىق ساقلاش ئۈچۈن ھىم يېپىلغاچقا، پارنىك ئىچىدىكى نەملىك يۇقىرى بولىدۇ، يوپۇرماقلاردا شەبنەم تۇرۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ھەر خىل كېسەللىك مىكروبىنىڭ كۆپىيىشىگە ئىنتايىن پايدىلىق. شۇڭلاشقا پارنىكلاردا كېسەللىك، زىياندىش ھاشاراتلار بالدۇر پەيدا بولىدۇ، تۈرى كۆپ بولىدۇ، زىيىنى ئېغىر بولىدۇ.

---

قويماسلىق، دورا زىيىنى ۋە دورا ئىسراپچىلىقى كېلىپ چىقىشتىن ساقلىنىش لازىم.

6. ساختا دورىلارنى سېتىۋېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دورىنىڭ تەركىبىگە، ئۈنۈملۈك مۇددىتىگە، تەستىق نومۇرىغا، زاۋۇت ئادرېسى ۋە ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرىغا قاراش كېرەك.

7. بىر خىل دورىنى ئىشلىتىۋەرسە زىياندىش ھاشاراتلاردا دورىغا تاقابىلچانلىق شەكىللىنىپ قالىدۇ. دەسلەپتە ئۈنۈمى يامان ئەمەس بولىدۇ، كېيىن داۋاملىق ئىشلەتكەندە، زىياندىش ھاشاراتلارنىڭ دورىغا تاقابىلچانلىقى كۈچىيىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا دورىلارنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىپ، ئۈنۈمسىز دورا ئىشلىتىپ قويماسلىق دىققەت قىلىپ، ئۈنۈمى يۇقىرى ھىم ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىش لازىم. (03)

**ئالدىنى ئېلىش:** (1) ئۆسۈملۈك كارانتىن قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش بولسا، ھەر خىل كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلار، ئوت - چۆپلەر، كېسەللىك مىكروبىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا قوللىنىدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك تەدبىر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ۋەيران قىلىش خاراكتېرىنى ئالغان ئاپەت خاراكتېرىدىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ بىر قىسىم رايونلاردا پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆسۈملۈك كارانتىن قىلىش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش لازىم؛ (2) تۇپراق ئارقىلىق تارقىلىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئازايتىش كېرەك. كۆكتاتلارنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىشنى يولغا قويۇپ، تېرىشتىن بۇرۇن تۇپراقنى دېزىنفېكسىيە قىلىش كېرەك؛ پارنىك ئىچى ۋە ئەتراپىنى پاكىز تازىلاش ئارقىلىق، ھەر خىل كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات مەنبەلىرىنى ئازايتىش لازىم؛ (3) قىشتىن ئۆتكەن زىيانداش ھاشاراتلارنى ئۆز ۋاقتىدا يوقىتىش كېرەك؛ (4) زىيانداش ھاشاراتلارنى جەلپ قىلىپ يوقىتىشتەك ئالاھىدە ئۇسۇللاردىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، خىرە نۇرلۇق چىراغ، سېرىق تاختاي، توردىن پايدىلىنىپ، زىيانداش ھاشاراتلارنى جەلپ قىلىپ يوقىتىش لازىم؛ (5) باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. چوڭقۇر ئېرىق تارتىپ، يالتىراق يوپۇق يېپىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، مۇۋاپىق سۇغىرىش لازىم؛ (6) ئىلمىي ئوغۇتلاش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاشنى كېڭەيتىش لازىم. ئاساسىي ئوغۇتنىڭ رولىغا سەل قارىماسلىق، مەھەللىۋى ئوغۇتنى تولۇق چىرىتىپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ (7) خىمىيەلىك ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىپ - يوقىتىشتا، دورىلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈنۈم بېرىش مەزگىلى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي رولىغا دىققەت قىلىش، شۇنداقلا قاراتمىلىقى بولغان ھالدا تاللاپ ئىشلىتىپ، يىلتىز ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، دورىلارنى ئىشلەتكەندە بىرقانچە تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە ئورتاق ئۈنۈم بېرىدىغان دورىلارنى ئىشلىتىشكە، دورىلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە، خىمىيەۋى ئوغۇتلار بىلەن ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. كېسەللىك، زىيانداشلارنى بالدۇر بايقاپ، دەل ۋاقتىدا ئالدىنى ئېلىپ - يوقاتقاندا، ئىشلىتىلىدىغان دورا مىقدارىنى تېجەپ قالغىلى، ھەر خىل بۇلغىنىشلارنى زور دەرىجىدە ئازايتقىلى بولىدۇ. (03)

# پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن مۇچتىكى ۋىرۇس كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

تەلەت توختى
(ئاتۇش شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن 845350)

**زىيان سېلىش ئالامىتى:** دەسلەپكى مەزگىلدە تۈپى پاكار ئۆسىدۇ، چېچەك ۋە يوپۇرماق رەڭگى قارىداپ تۆكۈلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، كېيىنكى مەزگىلدە مۇچ تۈپىنىڭ غۇجمەكلىشىش، چېچەك غۇنچىلىرى ۋە يۇمران مېۋىسى قورۇلۇپ، پۈتۈن تۈپ بويىچە سارغىيىپ يوپۇرمىقىنىڭ تۆكۈلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئېغىر بولغاندا، مەھسۇلاتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەيدۇ.

**كېسەللىك ئالامىتى:** (1) چېچەك - يوپۇرماق تىپى: كېسەللىك يوپۇرمىقىدا كۆرۈنەرلىك سېرىق، يېشىل ئارىلاش چېچەك دېغى كۆرۈلىدۇ، ھەممە پۈرلىشىدۇ ياكى قارامتۇل نېكروزلىنىش دېغى كۆرۈلىدۇ. (2) يوپۇرمىقى غەيرى بولۇش ياكى غۇجمەكلىشىش تىپى: دەسلەپتە مۇچ تۈپىنىڭ مەركىزى يوپۇرمىقىنىڭ يوپۇرماق تومۇرى يېشىللىقىنى يوقىتىپ، پەيدىنپەي تەرتىپسىز كېسەللىك دېغى شەكىللىنىدۇ، يوپۇرمىقى پۈرلىشىدۇ، كېيىن كېسەللىك يوپۇرمىقى قېلىنلىشىپ، سېرىق، يېشىل ئارىلاش دېغى ياكى چوڭ تىپتىكى سېرىق قوڭۇر رەڭلىك نېكروزلىنىش دېغى كۆرۈلىدۇ. يوپۇرماق گىرۋىكى يۇقىرىغا قاراپ پۈرلىشىدۇ. يۇمران يوپۇرمىقى تار بولۇپ ئېغىر بولغاندا يىپلىق ھالەتتە كۆرۈلىدۇ. كېيىنكى مەزگىلدە مۇچ تۈپىنىڭ ئۈستىنكى قىسمىدىكى بوغۇم ئارىلىقى قىسقىراپ غۇجمەك ھالەتتە بولىدۇ. (3) يوللۇق داغ تىپى: يوپۇرمىقىنىڭ ئاساسلىق تومۇرى قوڭۇر ياكى قارا رەڭدە بولۇپ نېكروزلىنىپ، يوپۇرماق سېپىنى بويلاپ يان شاخ ۋە ئاساسىي غولغا كېڭىيىپ، سىستېمىلار نېكروزلىنىدىغان يوللۇق داغ كۆرۈلۈپ، دەسلەپكى مەزگىلدىكى يوپۇرماق، چېچەك ۋە مېۋىسىنىڭ تۆكۈلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئېغىر بولغاندا پۈتۈن تۈپى بويىچە قۇرۇپ كېتىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) كېسەللىككە چىداملىق سورتلارنى تاللاپ تېرىش كېرەك. (2) ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىش. يەنى 10% لىك ئۈچ ناترىيلىق (硫酸三钠) فوسفاتقا ئۇرۇقنى 30 مىنۇت چىلىغاندىن كې-

# شوخلىدىكى فىزىيولوگىيەلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

ئەركىن مەمەت
(ئاقسۇ ۋىلايەتلىك قۇملۇقتا سۇ تېجەش، دېھقانچىلىق تەجرىبە كېڭەيتىش پونكىتىدىن 843000)

**1. مېۋە ئىچى كاۋاك بولۇپ قېلىش:** ئاساسلىقى ئۆستۈرۈش پەسلى توغرا كەلمىسە، بولۇپمۇ قىش ۋە باش ئەتىيازلىق ئېگىزدا ئۆستۈرسە، مېۋە ئىچى كاۋاك بولۇش كۆپ كۆرۈلىدۇ. ناچار هاۋا كىلىماتى، پەرۋىش تەدبىرلىرى ياخشى بولماسلىق، تېمپېراتۇرا يۇقىرى ۋاقىتتا چاڭلاشتۇرۇش، سۇغىرىش، قوشۇمچە ئوغۇتلاش تەكشى بولماسلىق قاتارلىقلارمۇ مېۋىنىڭ ئىچى كاۋاك بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا سۈپەتلىك سورتلارنى تاللاش، چېچەك، مېۋە ساقلاش دورىسىنىڭ ئىشلىتىش قويۇقلۇقىنى ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاش، تېمپېراتۇرىنى مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك.

**2. ئۇششاق مېۋە:** چېچەكلەش مەزگىلىدە تېمپېراتۇرا، يورۇقلۇق

---

يىن، سۈزۈك سۇدا پاكىز چايقاپ، ئۇرۇقنى بىخلاندۇرۇلۇپ تېرىلىدۇ. (3) ئورگانىك ئوغۇتنى كۆپرەك بېرىپ، مايسىنى تېمەن يېتىشتۇرۇپ، ۋاقتىدا كولتىۋاتسىيە قىلىپ، مۇچ تۇپىنىڭ ۋىرۇسقا چىدامىلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. (4) مۇۋاپىق مەزگىلدە كۆچۈرۈپ تىكىش، كۆكپىتنى ۋاقتىدا يوقىتىش. مۇچنى كۈزدە كۆكپىتنىڭ يۆتكىلىپ ئۇچۇش ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ تېرىش ياكى هاشارات توسۇش تورى، لاپاس قاتارلىقلارنى ئىشلىتىپ، كۆكپىت، توزاڭ پىتىنىڭ يۆتكىلىشىنى توسۇش، هاشارات چاپلايدىغان سېرىق تاختىنى ئېسىش ياكى 25% لىك سەيچۇڭچىن (噻虫嗪) نىڭ نەم دانچە دورىسىنى مۇچ مايسىسىنى كۆچۈرۈپ تىكىشتىن 2 ـ 3 كۈن بۇرۇن يىلتىزغا چىلىپ ياكى 10% لىك ئىمداكلورد (吡虫啉) نەملىنىشچان پاراشوكىنى بىۋاستە پۈركۈپ، باكتېرىيە تارقىتىدىغان ۋاستىلار يوقىتىش لازىم. دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا، 1.5% لىك جىبىڭلىن (植病灵) نى تۇمانلىتىپ پۈركۈسىمۇ بولىدۇ ۋىرۇس كېسىلىنىڭ دورىسىنى پۈركىگەندە چىرىندى كىسلاتالىق ياكى ئامىنو كىسلاتالىق ئوغۇتلارنى ئىشلەتسە ياخشى بولىدۇ. (03)

شارائىتى ناچار بولسا، ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولمىسا ئۇششاق مېۋە چۈشىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا، پەرۋىشنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆسۈشنى تەڭشىگۈچى دورىلارنىڭ ئىشلىتىش، دورىنىڭ ئۇ-نۇملۇق ۋاقتىغا ۋە ئىشلىتىش قويۇقلۇقىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

**3. ساپاق ئەتراپى كۆك مېۋە:** ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن زىيادە ئوغۇتلىسا توپ باراقسان ئۆسۈپ، يورۇقلۇق شارائىتى ناچارلاپ، بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈ-لىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا: مېۋىسى يوغىناۋاتقان مەزگىلدە تەركىبىدە كالىي ۋە بور بولغان مىكرو ئوغۇتلار بىلەن مۇۋاپىق ئوغۇتلاش كېرەك.

**4. مېۋىنىڭ كىندىكى چىرىش:** شوخلا مېۋىسىنىڭ كىندىكى چىـ-رىشنى كالتسىي كەملىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا ئازوت-لۇق، كالىيلىق ئوغۇتلارنى كۆپ ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش ھەم بىرىكمە ئوغۇتلارنى بىر قېتىمدا كۆپ بەرمەسلىك كېرەك. تۇپراقنىڭ قۇرغاقلى-شىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، سۇغىرىش مىقدارىنى كۆپەيتىش، مېۋىلەش مەزگىلىگە كىرگەندە ھەر كۈندە بىر قېتىم كالتسىي خىلور ئېرىتمىسى پۈركۈش كېرەك.

**5. مېۋىنى ئاپتاپ چېقىۋېتىش:** مېۋىگە كۈچلۈك كۈن نۇرى بىۋاستە چۈشسە مېۋە پوستى كۆيۈپ زەخىملىنىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا مۇۋاپىق زىچلىق-تا تېرىش، مۇۋاپىق پۇتاش، ۋاقتىدا ھاۋا ئالماشتۇرۇش، يورۇقلۇق تۇسۇش تورىنى يېپىش ئارقىلىق پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك.

**6. مېۋىسى يېرىلىش:** بۇ مېۋىنىڭ دۈمبىسىگە كۈن نۇرى بىۋاستە چۈشسە مېۋىنىڭ قېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مېۋە پوستى ۋە ئېتىنى تېز سۇرئەتتە چوڭايتىۋەتكەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا تۇپراقتا كالتسىي ۋە بور كەمچىل بولسىمۇ مېۋە يېرىلىشنى پەيدا قىلى-دۇ. ئالدىنى ئېلىشتا توپ بولۇپ شەكىللەنگەندە شوخلىنىڭ گۈل رېتىنى تاختا ئىچىنىڭ يان تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى قىر يۆنىلىشىنى جە-نۇبتىن شىمالغا قارىتىش كېرەك. پارنىكنىڭ تېمپېراتۇرا، نەملىكنى مۇۋاپىق ساقلاپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرا، تۆۋەن نەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش

ھەمدە تەركىبىدە كالتسىي ۋە بور ئېلېمېنتى بولغان ئوغۇتلار بىلەن مۇۋا-پىق ئوغۇتلاش كېرەك.

**7. غەيرىي مېۋە:** ئازوتلۇق ۋە فوسفورلۇق ئوغۇت كۆپ بېرىلگەن، لې-كىن بور ۋە كالتسىي يېتىشمىگەن ئەھۋالدا غەيرىي مېۋە شەكىللىنىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا، مايسا يېتىشتۈرۈش مەزگىلىدە كۈندۈزى تېمپېراتۇرىنى 20℃ تا ساقلاش، كېچىسى تېمپېراتۇرىنى 10℃ تىن تۆۋەن كونترول قىلىش كېرەك. ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى ئازراق بېرىش، كۆپ سۇغارماسلىق، چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇت بىلەن يېتەرلىك ئوغۇتلاپ، تۇپراقتىكى كالت-سىي ۋە بور ئېلېمېنتلىرىنىڭ مىقدارىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**8. فىزىيولوگىيەلىك يوپۇرماق پۈرلىشىش:** خىمىيەۋى ئوغۇتنى كۆپ، ئورگانىك ئوغۇتنى ئاز ئىشلەتسە، پارنىك تۇپرىقى قاتتىقلىشىپ، يوپۇرماق پۈرلۈشۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا، ئۆسۈشچاڭ-لىقى كۈچلۈك بولغان سورتلىرىنى تاللاپ مۇۋاپىق مەزگىلدە تېرىش ھەم مۇۋاپىق ئوغۇتلاپ شوخلا سۇغىرىش كېرەك.

**9. فىزىيولوگىيەلىك چېچەك، مېۋە تۆكۈلۈش:** چېچەكلەش مەزگى-لىدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى بەك تۆۋەن ياكى بەك يۇقىرى بولۇش، نەملىك يۇقىرى بولۇش ياكى قۇرغاق بولۇش، يورۇقلۇق ئاجىز بولۇش سەۋەبىدىن چېچەك، مېۋە تۆكۈلىدۇ. ئالدىنى ئېلىش: ① تۇپى ئاجىز ئۆسۈش سەۋەبى-دىن چېچەك، مېۋە تۆكۈلىدۇ، مايسا يېتىشتۈرۈش مەزگىلىدە كۈندۈزى پار-نىك تېمپېراتۇرىسىنى 25℃ ئەتراپىدا، كېچىسى 15℃ ئەتراپىدا ساقلاپ، بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشنىڭ ۋە مايسا قېتىۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ② مۇۋاپىق سۇغىرىپ نەملىكنى كونترول قىلىش، ئاز ـ ئازدىن پات ـ پات سۇغىرىش، باستۇرۇپ سۇغارماسلىق، ئەمدىلا چېچەكلىگەندە سۇغىرىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ③ رېتسىپلىق ئوغۇتلاش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، ئوغۇتنى ئىلمىي ئىشلىتىش كېرەك. ④ ئۆسۈشنى تەڭشىگۈچى دورىلارنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش كېرەك. (03)

# ئۈستۈنئاتۇش يېزىسىنىڭ ئىچىملىك سۇ قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش تەدبىرلىرى

باھارگۈل ئابلىز
(ئاتۇش شەھىرى ئۈستۈنئاتۇش يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

1. باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش ئۇنۇملۇك باشقۇرۇشنىڭ كاپالىتى. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايوننىڭ تەلىپى بويىچە شەھەرلىك سۇ ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا يېزىلاردىكى ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۈيىنى باشقۇرۇش باش پونكىتى قۇرۇش، تۆۋەندە يېزا ـ بازارلىق سۇ بىلەن تەمىنلەش، باشقۇرۇش تارماق پونكىتى قۇرۇش لازىم. باش پونكىت ۋە شۆبە پونكىتلار بانكىدا ئايرىم ھېسابات ئېچىش، قائىدە ـ نىزام ۋە تۈزۈملەرنى بېكىتىپ، سۇ زاۋۇتلىرىنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش لازىم.

2. دېھقان ـ چارۋىچىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا يېزا ـ بازارلاردىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش، باشقۇرۇش شۆبە پونكىتلىرى ۋە سۇ زاۋۇتلىرى سۇ بىلەن ياخشى تەمىنلەپ، كەڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى ۋاقتىدا قاندۇرۇش ئۈچۈن، بۇرۇنقى كەنتلەرنى ئاساس قىلىپ قۇرغان كىچىك تىپتىكى سۇ زاۋۇتلىرىنى ئۆزئارا تورلاشتۇرۇپ، ئېھتىياجلىق سۇ مىقدارىغا كاپالەتلىك قىلىش، سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋاقتىنى 24 سائەتكە ئۇزارتىپ، سۇ ھەققىنى ۋاقتىدا يىغىش كېرەك. بولۇپمۇ مۇناسىۋەتلىك خادىملار دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئائىلىسىدىكى سۇ سائىتى، جۈمەك، كىلاپان قاتارلىق زاپچاسلارنىڭ نورمال ئىشلىشىگە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا قەرەللىك تەكشۈرۈپ، بۇزۇلغان ھامان رېمونت قىلىپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىش كېرەك.

3. سۇ زاۋۇتلىرىنىڭ قائىدە ـ نىزام ۋە تۈزۈملىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خادىملارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيەلەپ، ئۇلار بىلەن ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۈرغۈزۈپ، ۋەزىپىلەرنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، سۇ مەنبەسىنىڭ تۇرۇبا لىنىيەلىرىنىڭ ھەم سۇ بىلەن تەمىنلەش زاۋۇتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

# كىچىك تىپتىكى ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىرىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش تەدبىرلىرى

گۈلقىز مامۇت
(يېڭىشەھەر ناھىيەلىك سۇچىلىق ئىدارىسىدىن 844200)

سۇ ئىنشائاتلىرى ئادەتتە چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ. كىچىك تىپتىكى سۇ ئىنشائاتلىرى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق سۇ قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ يېزىلاردىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇغىرىش ۋە ئادەم، چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ياسالغان سۇغىرىش، سۇ چىقىرىۋېتىش قۇرۇلمىلىرى ھېسابلىنىدۇ. كىچىك تىپتىكى سۇغىرىش رايونى، سۇغىرىش دائىرىسى ئىچىدىكى قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ياسالغان سۇ مەنبە قۇرۇلۇشى، كىچىك سۇ ئامبىرى، كۆللەر، سۇ ساقلاش كۆلچىكى، سۇ ئۆردىلىرى، قۇدۇقلار، سۇ تارتىش قۇرۇلمىلىرى ۋە ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى سۇ پومپىلىرى مەركەزلەشكەن ئورۇنلارنى كۆرسىتىدۇ.

**1. ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر:** (1) كىچىك تىپتىكى سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ قۇرۇلمىلىرى ئاددىي، تېخنىكىلىق تەلىپى تۆۋەن، سۈپىتى ناچار بولۇپلا قالماستىن، بىخەتەرلىكىدىمۇ مەلۇم يوشۇرۇن مەسىلىلەر مەۋجۇت. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، رايونىمىزدىكى كىچىك تىپتىكى سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە بىخەتەرلىك ئۈنۈمى 50% كىمۇ يەتمەيدىكەن؛ (2)

---

4. سۇ بىلەن تەمىنلەش ئورۇنلىرىنىڭ مالىيە ھېسابىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. سۇ زاۋۇتىنىڭ تەمىنلىگەن سۇ بىلەن يىغىشقا تېگىشلىك سۇ پۇلى، ئەمەلىي يىغىۋالغان سۇ پۇلى، نىسى قالغان پۇل قاتارلىقلارنى ئارخىپلاشتۇرۇپ، ئائىلىلەرگىچە سۇ پۇلى يىغىش ئارخىپى تۇرغۇزۇپ، دېھقان- چارۋىچىلارغا چوقۇم ئۆلچەملىك تالون يېزىپ بېرىش، ھەر كۇب مېتىر سۇنىڭ ئۆلچەملىك باھاسى، تۆلەشكە تېگىشلىك ئومۇمىي سۇ پۇلى قاتارلىقلارنى ئېنىق يېزىش، باشقا ئەھۋاللار بولسا ئەسكەرتىش كېرەك. دېھقان ـ چارۋىچىلارغا ھېساباتنى ئېنىق، ئاشكارا ئېلان قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى سۇ پۇلى ھېساباتىدىن تولۇق خەۋەردار قىلىپ، نازارىتىنى تولۇق قوبۇل قىلىش لازىم. (05)

ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ناچار، كونا، مەشغۇلات ئىقتىدارى ئېغىر دەرىجىدە چېكىنگەن. ھازىر ئېمىتىپ سۇغىرىش، پۈركۈپ سۇغىرىش، يالتىراق يوپۇق ئۈستىدىن سۇغىرىش قاتارلىق تېخنىكىلار ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدىكى قۇرۇلمىلار ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، ھەتتا بەزى ئورۇنلاردا ئومۇملاشتى. بىراق يېزىلاردىكى كۆپىنچە يەرلەردە بولسا تېخىچە ئالدىنقى ئەسىردىكى ئەسلىھەلەر ساقلىنىپ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ؛ (3) ئېتىز- ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ يېتىشمەيدۇ. چۈنكى دۆلەت كۆپىنچە چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ قۇرۇلۇشىغا كۆپرەك مەبلەغ سالىدۇ. كىچىك تىپتىكى شۇنداقلا كونكرېتنى رول ئويناۋاتقان سۇ ئىنشائاتلىرىغا يەنىلا مەبلەغ يېتىشمەيۋاتىدۇ؛ (4) باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى مۇكەممەل بولمىغاچقا مەسئۇلىيەت كىشى بېشىغىچە ئەمەلىيلەشمەيۋاتىدۇ. سۇ باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى تۆۋەن، ۋەزىپىسى ئېغىر بولغاچقا مەسئۇلىيەتنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېتەلمەيۋاتىدۇ؛ (5) سۇنىڭ باھا ئۆلچىمى تۆۋەن، سۇ پۇلىنى يىغىش تولىمۇ مۇشكۈل. شۇنداق بولغاچقا ئەسلىھەلەرنىڭ كونىرىغىنى كونىرىغان، بۇزۇلغىنى بۇزۇلغان ھەتتا بەزى ئورۇندىكىلىرى بارا - بارا ئۆز رولىنى يوقىتىپ، ئېتىز - ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشىغا ۋە زىرائەتلەرنى سۇغىرىش ئىشلىرىغا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلمەكتە.

**2. ھەل قىلىش تەدبىرلىرى:** (1) دۆلەت ۋە يەرلىك يېزا سۇ قۇرۇلۇشىغا بولغان سېلىنمىنى كۆپەيتىش كېرەك. يەنى ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ھۆكۈمەت، شەخسلەرنىڭ مەبلىغىنى جەلپ قىلىپ، بۇ مەبلەغ ئارقىلىق سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ (2) نۆۋەتتە يېزىلاردا ئەڭ مۇھىم بولۇۋاتقىنى يېزا سۇ ئىنشائاتلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئاسراش بولۇپ، كەسپ ئەھلىلىرىنى سەپلەش ۋە باشقۇرۇش مەبلىغىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەندىلا ئاندىن بۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ، سۇدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛ (3) يېزا - بازار سۇ پونكىتلىرىغا تېخنىك خادىملارنى تولۇقلاش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ بەرگەندىلا، ئاندىن مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ سۇ ئىشلىرىنى ياخشى باشقۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى ۋاقتىدا قاندۇرغىلى بولىدۇ؛ (4) يۇقىرىدىكى ئۈچ تۈرلۈك تۈزۈم ئومۇملاشسا، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سۇ ھەققىنى تاپشۇرۇش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىغىلى بولىدۇ. (05)

# ئېكولوگىيىلىك سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

سەمىجان ئابلا
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سۇ ئېلېكتىر ئۆلچەپ لايىھەلەش ئىدارىسىدىن 845350)

1. سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ئاساسلىق تەبىئىي دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ يولىغا ياسالسا، دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. بىرىنچىدىن، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى تەبىئىي دەريا ـ ئېقىن يوللىرىدىكى سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسىغا تەسىر كۆرسىتىپ، بېلىق تۇرىدىكلەرنىڭ كۆپىيىشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئىككىنچىدىن، دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ سۇ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. سۇچىلىق قۇرۇلۇشى دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ ئېقىن سۈرئىتىنى ئاستىلىتىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سۇنىڭ ئۆزىنى پاكىزلاش ئىقتىدارى ئاجىزلايدۇ، سۇنىڭ ئېغىر مېتاللار بىلەن بۇلغىنىشىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ھاۋا كىلىماتى ۋە ئېكولوگىيەگە تەسىر قىلىدۇ. سۇ ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشى پارلىنىش مىقدارىنى يۇقىرىلىتىپ، يەرلىك رايوننىڭ ھۆل ـ يېغىنىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

2. سۇچىلىق قۇرۇلۇشى قۇرۇقلۇق ئېكولوگىيە مۇھىتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، كۆپ مىقداردىكى ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇرۇلۇش جەريانىدا پەيدا بولغان بۇلغانما سۇلار ۋە كېرەكسىز سۇلار يېقىن ئەتراپتىكى دەريا ـ ئېقىنلارغا بىۋاسىتە قويۇپ بېرىلىپ، دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ سۈپىتىنى ھەم دەريا ـ ئېقىن ئەتراپىدا ياشايدىغان ھەر خىل ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ناچارلاشتۇرىدۇ، ئېغىر بولغاندا شۇ يەرلىك رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسى تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىدۇ.

3. ئېكولوگىيىلىك سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا ئالدى بىلەن دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى قوغداش لازىم. دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ شەكلى، ھالىتى، تۇپرىقى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. شۇڭا ئېكولوگىيىلىك سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغاندا قارىغۇلارچە ئۆرنەك قۇرۇلۇشلارنى تەقلىد قىلىشقا بولمايدۇ، ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش قىلغان ھالدا ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش قىلىپ، دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە كۆپ خىللىقىنى ساقلاش كېرەك. ئېكولوگىيىلىك سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ئەتراپىتىكى ئورمان، ئېتىز ـ ئېرىق، شەھەر ـ بازار قاتارلىقلار بىلەن بىر پۈتۈن

# سۇ ئامبارنىڭ تۆۋەن ئېقىن رايونلىرىنىڭ زەيلەپ كېتىش سەۋەبى ۋە مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرى

ئۆمەر ئەركىن
(قەشقەر سۇ ئىشلىرى سۇ ئېلېكتىر مەكتىپىدىن 844000)

**1. زەيلەپ كېتىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى:** (1) توغان ياساشقا ئىشلىتىلگەن تۇپراقلارنىڭ دانچىلىرى چوڭ، سىزىشتىن مۇداپىئەلىنىش تەدبىرى مۇكەممەل ئەمەس؛ (2) توغان ئۇل تۇپرىقىنىڭ سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى يۇقىرى؛ (3) گەرچە توغان گەۋدىسى سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى كىچىك توپىدىن ياسالغان بولسىمۇ، چىڭداش سۈپىتى ناچار؛ (4) ئامبار ئىچكى رايونىدىكى تۇپراقنىڭ سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى يۇقىرى بولۇپ، توغان ئاستىنىڭ خېلى چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئۆتۈپ، تۆۋەن ئېقىندىكى رايونلارغىچە سوزۇلغان؛ (5) ئامبار ئىچىدىكى تۇپراق يۈزىنىڭ سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى گەرچە كىچىك بولسىمۇ، ئۇزۇندىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بۇلاق كۆزنەكلىرى مەۋجۇت.

**2. زەيلەپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى:** تۆۋەن ئېقىن رايونلىرىنىڭ زەيلىشىشى گەرچە ئامبار قۇرۇلۇپ سۇ قاچىلىنىپ مەلۇم مەزگىل ۋە ياكى بىر قانچە يىلدىن كېيىن يۈز بەرسىمۇ، ئامبار قۇرۇشتىن ئىلگىرى ئەستايىدىللىق بىلەن قايتا زەيلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىم: ① توپىدىن ياسالغان توغانلارنىڭ سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، بۇ خىلدىكى توغانلار ئادەتتە شۇ جاينىڭ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ ياسىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن توغان گەۋدىسىنىڭ تۇپراق ماتېرىيالىنى ئەستايىدىل تاللاش، قە-

---

ئېكولوگىيە سىستېما شەكىللەندۈرىدۇ، شۇڭا ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىدا بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى ئويلاشماي بولمايدۇ. ئىقتىسادنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دەريا ـ ئېقىنلارغا، سۇ رايونلىرىغا بولغان بۇزغۇنچىلىق تېخىمۇ ئېغىر بولماقتا. ئەگەر ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە سۇ مەنبەلىرىگە قارىتا ئېچىش، ئىشلىتىش ئېلىپ بېرىلىدىغان بولسا، مۇھىتنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇپلا قالماستىن، سۇ مەنبەلىرىدىكى مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئېكولوگىيەلىك سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، سۇ مەنبەلىرىگە قارىتا ئېچىش، پايدىلىنىش ئېلىپ بارسا، تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ياخشى قوغداپ، ياخشى پايدىلانغىلى بولىدۇ. (05)

ۋەتلەپ توپا ياتقۇزۇپ، چىڭداش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئىشلەش سۇپىتىنى چىڭ تۇتۇپ، توغان گەۋدىسىدىكى تۇپراقنىڭ زىچلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش لازىم. ئەگەر ھەر خىل تۇپراقتىن ياسىلىدىغان توغانلار بولسا، سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى يۇقىرىراق بولغان تۇپراقلارنى توغان تۆۋەن ئېقىن ئاتكۇس تەرىپىگە، سۇ ئۆتكۈزۈچانلىقى ئوتتۇراھال بولغان تۇپراقنى توغان مەركىزى قىسمىغا، نىسبەتەن سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان تۇپراقنى توغان ئالدى ئاتكۇس تەرىپىگە توكۇپ چىڭداپ، ئىشلەش سۇپىتىگە ئالاھىدە كاپالەتلىك قىلىش ياكى نىسبەتەن سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان تۇپراقلارنى توغان مەركىزىگە تىندۇرۇپ، سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان تۇپراقنى سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئىككى تەرەپكە تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشلەش سۇپىتىنى چىڭ تۇتۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندا توغان گەۋدىسىدىكى سۇ سىزىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ؛ (2) ئەگەر توغان ئۇلىدىكى تۇپراقنىڭ سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى يۇقىرى بولۇپ، تۇپراق قاتلىمى بەك چوڭقۇر بولمىسا، بۇ خىلدىكى تۇپراقنى ئۇنىڭ ئاستىدىكى سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان تۇپراقتىن 40 ـ 50 سانتىمېتىر قېتىپ قىزىپ چىقىرىۋېتىپ، سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى ئىنتايىن كىچىك بولغان ئەت ۋە سىغىز تۇپراقلارنى تولدۇرۇپ تىندۇرۇپ سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان توغان گەۋدىسى تۇپرىقىغا تۇتاشتۇرۇپ ئىشلەپ، سۇ سىزىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئەگەر سۇ ئۆتكۈزىدىغان تۇپراق قاتلىمى چوڭقۇر بولغان ئۇللار ئۇستىگە قۇرۇشقا توغرا كەلسە، توغان يۇقىرى ئاتكۇسىدىكى سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان تۇپراققا تۇتاشتۇرۇپ، ئامبار ئىچىدىكى يەر يۈزىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىغا سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان تۇپراقلارنى 40 ـ 50 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ياتقۇزۇپ چىڭداپ، ياخشى ئىشلەش لازىم؛ (3) ئەگەر ئامبار ئىچىدە قەدىمدىن تارتىپ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بۇلاق كۆزنەكلىرى بايقالسا، بۇ كۆزنەكلەرنىڭ ئىچىگە سېغىز دوغاپ قويۇپ ئېتىۋېتىپ، شۇ ئەتراپقا ئەت سېغىز توپا ياتقۇزۇپ چىڭدىۋېتىش كېرەك. يۇقىرىقى تەدبىرلەر ئامبار تۆۋەن ئېقىندىكى رايونلارنىڭ قايتا زەيلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىرلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئامبار قۇرۇش پىلانى بولغان جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك تېخنىك خادىملارنىڭ ئامبار قۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ئامبار رايونىنىڭ تۇپراق خاراكتېرىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ھازىر بىلەن كەلگۈسىنى تولۇق نەزەردە تۇتۇشى، زەيلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى يۇقىرىقى ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تۆۋەن ئېقىن رايوندىكى خەلققە ئۇزۇن مۇددەت بەخت ـ سائادەت كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. (05)

# بۇغداينى سۇ تېجەپ سۇغىرىش ئۇسۇلى

نۇرۇنگۇل باقى
(ئاتۇش شەھىرى ئازاق يېزىلىق سۇچىلىق پونكىتىدىن 845350)

1. بۇغداينى يالتىراق يوپۇق يېپىپ تېرىسا، تۇپراقتىكى سۇنىڭ پارلىنىشىنى كونترول قىلىپ، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرىلىتىپ، بۇغداينىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تېزلىتىپ، تىمەن ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. بۇغداينى قىرو چۈشكەن مەزگىلدىن باشلاپ باش قىشقىچە يالتىراق يوپۇق يېپىپ تېرىسا، ئەتىيازدا يالتىراق يوپۇق ئاستىدىكى تۇپراق تېمپېراتۇرىسى ئادەتتىكىگە قارىغاندا 5℃ يۇقىرىلايدۇ، نەملىكنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىپ، تۇپراقنىڭ سۇ تەركىبى يالتىراق يوپۇق يېپىلمىغان تۇپراققا قارىغاندا %0.8 ـ %3.5 يۇقىرى بولۇپ، بۇغداي يەر ئاستى سۈيى ۋە تۇپراقتىكى سۇدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدۇ.

2. يەرگە تۈجۈپىلەپ ئىشلەپ، ئوسىسى كېلىشكەن ۋاقىتتا بۇغداينى تېرىش كېرەك. سۇ تېجەپ سۇغىرىشنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتى ئەتىياز ۋە قىش پەسلى بولۇپ، قىش كىرىشتىن بۇرۇن بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ مايسىنى تىمەن ئۆستۈرۈش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن قاندۇرۇپ ئوسا قىلىش، يەرنى تەكشى تۈزلەش، چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتۈشۈشىنى ياخشىلاش، تېرىش چوڭقۇرلۇقى، تۇپراق نەملىكى ۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، بۇغداينىڭ يەر ئاستى سۈيى ۋە تۇپراق سۈيىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش لازىم.

3. ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش ـ ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلاردا سۇ ساقلاش ۋە سۇ تېجەشتىكى مۇھىم تەدبىر ھېسابلىنىدۇ.

4. كېچىلىك تېمپېراتۇرا كۈندۈزنىڭكىگە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك تۆۋەن بولغاچقا، بولۇپمۇ بۇغداينىڭ چېچەكلەش مەزگىلىدىن پىشىش مەزگىلى ئارىلىقىدا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولغاچقا، بۇغداينى كېچىدە سۇغارسا، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىپ كېتىشىنى ئازايتىپلا قالماي، سۇنىڭ سىڭىشچانلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا

# كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە قۇرۇلمىلارنى تەكشۈرۈش، ئاسراش ئۇسۇلى

سەنەۋەر ئىنام
(تېكەس ناھىيەلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىدىن 835500)

ئەتىياز ۋە ياز كەلكۈن كۆپ كېلىدىغان مەزگىل ھېسابلىنىدۇ، بولۇپمۇ تاغلىق ۋە ئېدىرلىق رايونلاردا كەلكۈننىڭ شەكىللىنىش تېز بولۇپ، كەلكۈننىڭ شەكىللىنىشىگە تەبىئىي ئامىللار ۋە ئىجتىمائىي ئامىللار زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئاپەت جەمئىيەتكە غايەت زور ئىقتىسادىي زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا پەن ـ تېخنىكىنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشتە، كەلكۈن مەزگىلىدە سۇ ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە قۇرۇلمىلارنىڭ ھالىتىنى ئىگىلەپ، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، ئاممىغا تايىنىش، قوشۇن تەشكىللەش ۋە چارە تەدبىر تۈزۈش ئىشى يەرلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ۋە بىر تۇتاش قوماندانلىقىدا ئېلىپ بېرىلىشى لازىم.

كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشتىكى تەييارلىق خىزمەتلەر: (1) كەڭ خەلق ئاممىسىغا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، جىددىي قۇتقۇزۇشنىڭ زور ئەھمە-

---

تۇپراق ۋە زىرائەت يىلتىزىنىڭ سۇنى بىرقەدەر كۆپرەك ساقلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى ھەم ئۇنۇملۇك ھالدا بۇغداي دېنىنىڭ توق بولۇشىنى تېزلىتىپ، سۈپىتىنى يۇقىرىلاتقىلى بولىدۇ.

5. بۇغدايغا پوركوپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى قوللانغاندا، كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولغاندا 50 مېتىر كەڭلىكتىكى يەرنى بىر بۆلەك قىلىش، ئىككى قىر ئارىلىقىدا سۇ توشۇيدىغان ماشىنا ماڭالايدىغان يول قويۇش كېرەك.

6. تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى قوللانغاندا سۇ تېجەش ۋە ئوغۇتلاش ئۈنۈمىنى يۇقىرىلىتىپ، بۇغداينىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تېزلىتىپ، ھوسۇلنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. (05)

يىتىنى تولۇق تونۇتۇپ، بۇرۇندىن بولۇپ ئۆتكەن كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆ- رۈش، جىددىي قۇتقۇزۇشلارنىڭ تەجرىبە ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈن- لەپ، بىخوتلۇق ئىدىيەنى تۈگىتىپ، كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش ئىدىيەسىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. (2) مەزكۇر جايلار سۇ ئىنشائاتلىرىنى دەرىجە بو- يىچە باشقۇرۇش پىرىنسىپىگە ئاساسەن، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قو- ماندانلىق قىلىش ھەمدە قۇرۇلمىلارنىڭ ئاياق ئېقىنلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى- نى ساقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئادەتتىكى كۆلەردە قۇرۇ- لۇشلارنى رېمونت قىلىپ مۇستەھكەملەش ۋە سۇ يوللىرىدىكى توسالغۇلارنى تازىلاش ئىشلىرىنى ئوبدان ئىشلەش، كۆلكەندىن مۇداپىئە كۆرۈش، جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ جەھەتتىكى تەييارلىقلارنى ئال- دىن تەييارلاپ ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. سۇ قاچىلايدىغان قۇرۇلۇشلاردا بول- سا، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش بىلەن قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى قوللۇق تەييارلىقنى تېخىمۇ ئىنچىكە ئىشلەپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىدە يەرلىك ھۆكۈمەت ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ بىر تۇتاش رەھبەر- لىك قىلىپ جىددىي قۇتقۇزۇش قوشۇنى تەشكىللەش كېرەك. (3) مەزكۇر جايلار كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئېھتىياجلىق ماد- دىي نەرسىلەر ۋە ئۈسكۈنىلەرنى تەشكىللەش، توشۇش ۋە تەمىنلەش ئىشىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. (4) قۇرۇلۇشلارنى رېمونت قىلىپ، ساقلانغان كەم- تۈكلەرنى تۈگىتىپ، لايىھەدىكى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش، تاقاقلارنىڭ ۋاقتىدا راۋان ھەرىكەتلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. (5) تەدبىر ۋە پىلان جە- ھەتتە قۇرۇلۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەتقىقات ۋە ئانالىزلارغا ئاساسەن، كونترول قىلىپ ئىشلىتىش پىلانىنى ياخشى تۈزۈش ھەمدە ئەڭ پايدىسىز ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتقان ھالدا خەتەردىن جىددىي قۇتقۇزۇشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرى ۋە تۆۋەن ئېقىندىكى ئاممىنى بىخەتەر كۆچۈرۈش تەدبىرلىرىنى تۈزۈش كېرەك. (05)

# قوناق شېخىنى تۆپ بويىچە سىلوسلاش ئۇسۇلى

كېرەم بارات
(كورلا شەھىرى تاشدەن بازارلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 841000)

**1. سىلوس ئورىسى كولاش:** سىلوس ئورىسى ئۇچۇن ئېگىزرەك، قۇرغاق، سۇ چىقىرىۋېتىشكە قولايلىق، قاتتىق، كۆنگەي، چارۋا قوتىنىدىن يىراقراق يەرنى تاللاش كېرەك. سىلوس ئورىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى سىلوسلىنىدىغان ماتېرىيالنىڭ مىقدارىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ئادەتتە ئورەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى، چوڭقۇرلۇقىنى ئىككى مېتىر قىلىپ، ئورەك ئاستى تار، ئۇستى قىسمى كەڭرەك قىلىپ كولىنىدۇ. ئاندىن ئورەك ئىچى تەكشى سىلىقلىنىپ، كەڭ يالتىراق يوپۇق ئورەك گىرۋىكىدىن چىقىپ تۇرىدىغان قىلىنىپ، ئورەك ئىچىگە تەكشى يېيىتىلىدۇ.

**2. ئورەككە ماتېرىيال سېلىش:** قوناق شېخىنىڭ يىلتىزى ئېلىۋېتىلىپ، تەكشى قىلىپ كىچىكرەك باغلام قىلىنىدۇ، ئاندىن تەييارلانغان قوناق شېخى قەۋەتلەپ زىچ تىزىلىدۇ، ھەربىر قەۋەتتە قوناق شېخىنىڭ ئۇچى بىلەن تۈۋى تەرەپ ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تىزىلىدۇ. ھەربىر قەۋەت قوناق شېخىنى تىزىپ بولۇپ، مەلۇم مىقداردا ئورىيا چېچىلىدۇ ھەم پۇختا چىڭدىلىدۇ، مۇشۇنداق قىلىپ ماتېرىيال ئورەك گىرۋىكىدىن 20 ـ 30 سانتىمېتىر ئېگىز قىلىپ ئورەككە بېسىلىدۇ. ئادەتتە كالا، قويغا بېرىلىدىغان سىلوسقا قوشۇلىدىغان ئورىيانىڭ مىقدارى ماتېرىيال ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 0.3% تى بويىچە، تۇزنى ماتېرىيال ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 0.1% ـ 0.15% تى بويىچە قوشۇپ بەرسە بولىدۇ.

**3. ئورەكنى ئېتىش:** ماتېرىيال قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن، ئورەككە ياپقان يالتىراق يوپۇقنىڭ ئورەك سىرتىغا چىقىپ تۇرغان قىسمى بىلەن ئورەكنىڭ ئۈستى ھەم قىلىپ يېپىلىدۇ. ئەگەر ھەم بولمىغان جايلىرى بولسا باشقا يالتىراق يوپۇق تەييارلاپ ھەم قىلىپ چۈمكەش كېرەك. ئاندىن بىر قەۋەت سامان يېيىپ،ئۈستىگە يەنە 30 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ، سۇۋاپ بولغاندىن كېيىن يېرىقچىلار بولسا ۋاقتىدا ئېتىش كېرەك.

**4. ئورەكنى ئېچىش:** ئادەتتە 45 ـ 60 كۈندىن كېيىن ئورەكنى ئېچىپ، سىلوسنى ئۈششاق توغراپ چارۋىغا بەرسە بولىدۇ. سىلوسنى ئالغاندا بىر باغلام ـ بىر باغلامدىن ئۈستىدىن ئاستىغا ئېلىش، خالىغان يەردىن ئېلىپ سىلوس ئىچىگە ھاۋا كىرىپ، سىلوس سۈپىتىگە تەسىر يېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

**5. چارۋىغا بېرىش مىقدارى:** ياخشى ئېچىلغان سىلوس يېشىل ياكى سارغۇچ يېشىل رەڭدە بولۇپ، مېزىلىك پۇرايدۇ، تۇتسا يۇمشاق، نەم بىلىنىدۇ. سىلوسنى دەسلەپتە ئاز ـ ئازدىن تەدرىجىي كۆپەيتىپ، يەم ـ بوغۇز ياكى باشقا ئادەتتىكى يەم ـ خەشەك بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك. ئەگەر ماللاردا ئىچى سۈرۈش ئەھۋالى كۆرۈلسە مىقدارىنى ئازايتىش ياكى بىر نەچچە كۈن بەرمەسلىك كېرەك. سىلوسنىڭ كۈندىلىك بېرىلىش مىقدارى كۈنلۈك ئوزۇق نورمىسىنىڭ يېرىمىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك كېرەك، گۆش كالىسى ياكى سۈت كالىسىغا مىقدارىنى سەل كۆپەيتىپ بەرسە بولىدۇ. ئەمما كۈندىلىك بېرىش مىقدارى كۈندىلىك ئوزۇق نورمىسىنىڭ 3/4 قىسمىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. (02)

# تىراكتورنى تېخنىكىلىق ئاسراشتىكى تېخنىكىلىق تەلەپلەر

مەمەتجان ھېكىم
(بايىنغولىن ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن 841000)

**1. سىلىقلاش مېيى ئۆرۈش:** تېخنىكىلىق ئاسراش قائىدىسىدە بەلگىلىگەن سىلىقلاش نۇقتىلىرى، ۋاقتى ۋە ماڭغان كىلومېتىر سانىغا ئاساسەن سىلىقلاش مېيى ئۆرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ماي ئۆرۈش مىلتىقىغا ھاۋا كەپلىشىۋالغان بولسا، ئۆرۈپ كىرگۈزۈلگەن سىلىقلاش مېيىنىڭ مىقدارى يېتەرلىك بولماي قالىدۇ. شۇڭا سىلىقلاش مېيىنىڭ مىقدارىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**2. سۈزگۈچ قۇرۇلمىلارنى ئاسراش:** ھاۋا سۈزگۈچ، يېقىلغۇ ماي ۋە سىلىقلاش ماي سۈزگۈچى ماي تەركىبىدىكى ئارىلاشما ماددىلارنى سۈزۈپ، دېتاللارنىڭ ۋاقىتسىز ئۇپرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇلارنى قەرەللىك يۇيۇپ ۋە ئۇلارنىڭ سۈزگۈچ ئۆزۈكىنى ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇش ناھايىتىمۇ زۆرۈر. ھاۋا تازىلىغۇچنى ئاسراشتا، ئاساسلىقى چاڭ - توزانلارنى تازىلاش، مەركىزى ھاۋا شوراش يولىنى تازىلاش، سۈزۈش تورى بىلەن ماي تەخسىسىنى تازىلاش ھەم ئاپتول ئالماشتۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. دېزىلىن، ئاپتول سۈزگۈچلەرنىڭ قەغەز سۈزگۈچ ئۆزەكلىرى ئۇزۇن مەزگىل ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يۈزلىرىدىكى كىچىك تۆشۈكچىلەر توسۇلۇپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ سۈزۈش ئىقتىدارى تەدرىجىي تۆۋەنلەيدۇ. سۈزگۈچ ئۆزۈكىنىڭ ئىچكى ۋە سىرتقى قىسمىنىڭ بېسىم پەرقى ئېشىپ كېتىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك.

**3. ئاپتول ئالماشتۇرۇش:** تىراكتورنى ئىشلىتىش جەريانىدا ئاپتول بىرئاز خورايدۇ ۋە پاسكىنىلىشىپ، سىلىقلاش رولى ناچارلىشىدۇ. شۇڭا ئاپتولنى مەلۇم ۋاقىت ئىشلەتكەندىن كېيىن تېخنىكىلىق ئاسراش بەلگىلىمىسىدىكى تەلەپلەر بويىچە ئالماشتۇرۇش لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا زاپچاسلارنىڭ ئۇپرىشىنى تېزلىتىۋېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتول ئىشلىتىش جەريانىدا يۇقىرى تېمپېراتۇرىنىڭ تەسىرىدە ئاپتول ئوكسىدلىنىپ، يېلىمسىمان ماددا ۋە قورۇم ھاسىل قىلىپ، ئۇۋۇندىلار ئارىلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئاپتولنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىدۇ، شۇڭا ئاپتولنى قەرەللىك ھالدا تەكشۈرۈپ، كەم بولسا تولۇقلاش كېرەك.

**4. تىراكتورنى يۇيۇپ تازىلاش:** تىراكتورنى دائىم يۇيۇپ تازىلاپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ پاكىزلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، ئىشلەش ئۆمرىنى نىسپىي ئۇزارتقىلى، زاپچاسلارنىڭ ۋاقىتسىز ئۇپراپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. (02)

# تىراكتور داۋاندىن چۈشۈۋاتقاندا تورمۇزلاش ئىقتىدارىنى يوقاتقاندا جىددىي پەيتتە ھەيدەش ئۇسۇلى

ئابدۇنىياز رېھىم
(تۇرپان شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى تېخنىكا مەكتىپىدىن 838000)

تىراكتور ئۇزۇن داۋاندىن ھەيدەپ چۈشۈۋاتقاندا تورمۇزنى كۆپ ئىشلىتىش سەۋەبىدىن قىزىپ ئىقتىدارى ئاجىزلايدۇ ياكى يەل بېسىمى يېتىشمەي تورمۇزلاش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ، تىراكتورنىڭ داۋاندىن چۈشۈش تېزلىكى بارغانسېرى ئېشىپ، سۈرئەتنى تىزگىنلىگىلى بولماي، تىراكتور قاڭقىپ كېتىش مۇمكىن، مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

1. يول چېتىدىكى توسالغۇلار ئارقىلىق تىراكتورنىڭ سۈرئىتىنى تۆۋەنلىتىش ياكى كەڭرەك يەردە تىراكتورنى ئايلاندۇرۇۋېلىش ئارقىلىق، سۈرئىتىنى ئاستىلىتىش مۇمكىنچىلىكىنى كۆزىتىش، ئەلۋەتتە ئەڭ ياخشىسى يول سىرتىدىكى جىددىي توختىتىش يولىدا توختىتىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

2. ئەگەر پايدىلىنىدىغان يەر ۋە پۇرسەت بولمىسا، ماي بېرىشنى توختىتىپ، يۇقىرى خوتتىن تۆۋەن خوتقا يۆتكەپ، سۈرئەت ئۆزگەرتكۈچنىڭ سۈرئەت نىسبىتىنى تۇيۇقسىز ئاشۇرۇپ، موتور قارشىلىقىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، تىراكتورنىڭ سۈرئىتىنى ۋە يۈرۈش يۆنىلىشىنى كونترول قىلىش كېرەك.

3. تىراكتور سۈرئىتىنىڭ يۇقىرىلىقى سېزىلگەندە تىراكتورنىڭ قول تورمۇزنى باسقۇچلاپ تارتىپ، ھەرىكەت ئۆزىتىش دېتاللىرىنىڭ ئايلىنىشىنى تەدرىجىي توختىتىش كېرەك. تورمۇز تاختىسى تۇتۇۋېلىپ، تورمۇز ئىقتىدارىنىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قول تورمۇزنىڭ تورمۇز تارتقۇسىنى بىراقلا چىڭ تارتماسلىق كېرەك.

4. ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەرنى قوللىنىپمۇ تىراكتورنىڭ سۈرئىتىنى تىزگىنلەشكە، قىسقىسى ھادىسىدىن ساقلىنىشقا ئامال بولمىسا، تىراكتورنى تاغقا ھەيدەپ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىش لازىم، ئەگەر ياخشى ئامال تاپالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، زىياننى ئازايتىش ئۈچۈن تىراكتور ئالدىنى تاغقا ئۇستۇرۇش ئارقىلىق توختىتىش لازىم. (02)

# چىلان يىغىش، قۇرۇتۇش ۋە دەرىجىگە ئايرىپ ساقلاش تېخنىكا تەدبىرلىرى

هۆرنىسا ئىمىن
(ئاۋات ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 843200)

**1. چىلان يىغىش:** (1) يىغىش مەزگىلى: بىر سورتنىڭ ئوخشىمىغان ياشتىكى تۈپلىرى ۋە ئوخشىمىغان شاخلىرىدىكى مېۋىنىڭ پىشىش مەزگىلىدە ئىككى ھەپتىدىن كۆپرەك پەرق بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، چىلاننى بىرقانچە قېتىمغا بۆلۈپ يىغىۋېلىش كېرەك. دەرەخنىڭ ئۆزىدە قۇرۇغانلىرى ئەڭ ياخشى بولىدۇ. كۆلرەڭ چىلان (خۇيزاۋ) مېۋىسىنىڭ پوستى قېنىق قىزىل رەڭگە كىرگەن، مېۋە ئېتى سۇسىزلىنىپ ئوزۇقلۇق يىغىلىشتىن توختىغاندا، ئارغىماق چىلان (جۇنزاۋ) مېۋىسىنى ئۈزگەندىن كېيىن، شەكلى ئۆزگەرمىسە ئەڭ مۇۋاپىق يىغىش مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. مېۋە تولۇق پىشىشتىن بۇرۇن يىغىۋالغاندا چىلان پوستى سارغىيىۋالىدىغان، قورۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىپ، مېۋە سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ؛ (2) يىغىش ئۇسۇلى: ئاساسلىقى بىر تال بىر تالدىن ئۈزۈپ، ئاستا قويۇش، سوقۇلۇش، بېسىلىشتىن ساقلىنىپ، مېۋىنىڭ كۆركەملىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. مېۋىسىنى مېخانىكىلىق زەخىملىنىشتىن، سەھەردە شەبنەم مەزگىلىدە ئۈزۈش سەۋەبلىك مېۋە ساپىقى ئورنىدىن يېرىلىشتىن ساقلىنىش، مېۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن سېۋەتتە ساقلاش ۋە يۆتكەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم.

**2. مېۋە ئىلغاش:** قۇرۇتۇشتىن بۇرۇن مېۋىگە ئارىلىشىپ كەتكەن ئەخلەتلەرنى ئېلىۋېتىش، پىشىش دەرىجىسىگە قاراپ (چىلان مېۋىسىنىڭ پىشىش دەرىجىسى تەركىبىدىكى سۇ مىقدارى، قۇرۇتۇش ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ) دەرىجىگە ئايرىپ قۇرۇتۇش، قۇرۇش دەرىجىسى بىردەك بولۇش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قۇرت چۈشكەن، سېسىغان، زەخىملەنگەن، سەللەنگەن مېۋىلەرنى ئىلغىۋېتىش لازىم.

**3. قۇرۇتۇش:** (1) قۇرۇتۇش مەيدانى: قۇرۇتۇشتىن بۇرۇن دەرىجىگە ئايرىپ، ئەخلەتنى ۋە قۇرت چۈشكەن، كېسەللەنگەن مېۋىلەرنى ئىلغىۋې-

تىپ، سۇپەتلىك مېۋىلەرنىڭ بۇلغىنىشىدىن ساقلىنىش لازىم. دېھقانلارنىڭ هويلا ـ ئارام، ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىنى قۇرۇتۇش مەيدانى قىلىپ ئىشلە-تىشكە بولىدۇ، قۇرۇتۇش مەيدانى يوقلارغا كەنت كومىتېتىدىن مۇۋاپىق مەيدان هەل قىلىپ دېھقانلارنىڭ كوللېكتىپ مېۋە قۇرۇتۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىش هەمدە مەخسۇس كىشىنى يېتەكلەش ۋە باشقۇرۇشقا تەيىنلەش لازىم بۇنىڭدىن باشقا قۇرۇتۇش ئەسلىهەلىرى بولغان هەمكارلىق كوپېراتىپلىرد-نى دېھقانلار ئۈچۈن هەقلىق پىششىقلاپ ئىشلەپ بېرىشكە ماسلاشتۇرۇش كېرەك؛ (2) قۇرۇتۇش ئۇسۇلى: قۇرغاق، تۈز، شامال ئۆتۈشىدىغان ئورۇننى قۇرۇتۇش مەيدانى قىلىپ، قۇرۇتۇش تاختىسىنى خىش،ياغاچ بىلەن يەر يۈ-زىدىن 30 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە ئۈستىگە بورا سېلىپ ياساش لازىم. هەربىر كىۋادرات مېتىر بورا ئۈستىگە 30 ـ 50 كىلوگىرام چىلاننى 10 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا تەكشى يېيىتىش، هەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە ئېرىقچە چىقىرىپ بىر قېتىم ئۆرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، كېسەللەنگەن،قۇرت چۈشكەن، زەخىملەنگەن، قارىداپ قالغان، يېگىلەپ قالغانلىرىنى ئىلغاش، كېچىلىرى ئۈستىنى يېپىش ئارقىلىق يامغۇر، شەبنەمدىن ساقلىنىش، ئىك-كىنچى كۈنى چىققاندىن كېيىن ئېچىۋېتىپ تەكشى قۇرۇتۇشقا كاپالەت-لىك قىلىش لازىم. ەگەر هاۋا ئوچۇق بولسىلا 10 كۈندە تولۇق قۇرۇيدۇ.

**4. ساقلاش:** (1) ساقلاش ئۆلچىمى: چىلان مېۋىسىنىڭ ساقلاش ئۆلچە-مى تەركىبىدىكى سۇ مىقدارى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ، يەنى كۆلرەڭ چىلان-نىڭ سۇ تەركىبى 23% ـ 25% بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ؛ (2) ساقلاش شارا-ئىتى: دەرىجىگە ئايرىغاندىن كېيىن سۆگەت تېلىدىن توقۇلغان سېۋەت يا-كى يەشىكلەرگە قاچىلاپ، ئىچىگە جازا قويۇلغان ئۆيدە ساقلاش كېرەك. ئۇزۇن مۇددەت ساقلايدىغان چىلان قۇرغاق، سالقىن، كۈن نۇرى چۈشمەيدى-غان شارائىتنى تەلەپ قىلىدۇ. ساقلاش جەريانىدا چاشقان ۋە هاشاراتلارنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىشقا دىققەت قىلىش لازىم؛ (3) ساقلاش ئۇسۇلى: دەرد-جىگە ئايرىغاندىن كېيىن، ئادەتتە كۆپتە، ئۆيلەردە ساقلىغاندىن باشقا، يەنە گاز ئارقىلىق تەڭشىلىدىغان ساقلاش ئامبىرىدا، رادىياتسىيەلىك ساقلاش ئامبىرىدا ساقلىنىدۇ. ساقلاش ئۇسۇللىرى ئىچىدە هاۋا ئۆتىشىدىغان قە-

# پاتقاق گاز كۆلچىكىدە دائىم كۆرۈلىدىغان كاشىلىلارنى بىر تەرەپ قىلىش

پاتىمە توختى تۆمۈر
(خوتەن ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن 848000)

1. گاز بېسىمى بىر ئۆرلەپ بىر چۈشۈش، ئوت مۇقىم كۆيمەسلىك: بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى گاز تۇرۇبا يولىدا سۇ يىغىلىپ قالغان بولىدۇ. بۇ چاغدا ھەم ئېتىلگەن قاپقاقتىكى گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبىسىنى ئېلىۋېتىپ، يەنە بىر ئۇچىدىن پۈۋلەش ئۇسۇلى بىلەن تۇرۇبا يولىدىكى يىغىلىپ قالغان سۇنى چىقىرىۋېتىپ، سۇ چىقىرىۋېتىش بوتۇلكىسىنى كۆپەيتىش كېرەك.

2. ۋېكلىيۇچاتېلنى ئاچقاندا بېسىم تۆۋەنلىسە، ۋېكلىيۇچاتېلنى ئەتكەندە بېسىم تېز يۇقىرىلىسا، گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبا يولىنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك.

3. بېسىم سائىتىنىڭ ئۆرلىشى تېز ياكى مەلۇم نۇقتىغا بارغاندا نورمال ئۆرلىسە پاتقاق گازى كۆلچىكى ياكى گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبا يولىنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش، ئېچىتىش خام ماتېرىيالىنى كۆپەيتىش كېرەك. بېسىم سائىتىنىڭ ئۆرلىشى ھەم تۆۋەنلىشىمۇ تېز بولسا پاتقاق گاز كۆلچىكىدىكى گاز ساندۇقىنى ۋە تۇرۇبا يولىنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش، ماتېرىيال ئالىدىغان، ماتېرىيال سالىدىغان بوشلۇقتىكى سۇ ئاقىدىغان تۆشۈكنى ئېتىش كېرەك.

4. بېسىم سائىتىنىڭ ئۆرلىشى تېز، گاز كۆپ بولۇپ، لېكىن ئىشلەتكەن ۋاقىتتا خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئوت تۇتاشمىسا، ئېچىتىش ماتېرىيالىغا قوشۇلغان خۇرۇچلار ئاز بولۇپ قېلىپ، ئېچىتىش نورمال بولماي ھەددىدىن زىيادە ئارىلاشما گاز پەيدا بولغان بولىدۇ. بۇ چاغدا كۆلچەك ئىـ

---

غەز يەشكىلەرگە، سېۋەتلەرگە قاچىلانغاندىن كېيىن، سوغۇق ساقلاش ئامبىرىدا ساقلاش ئەڭ مۇۋاپىق، ھاۋا ئۆتۈشمەيدىغان يالتىراق خالتىلارغا قاچىلاش مەنئى قىلىنىدۇ. شارائىتى بار يېزا - بازارلاردا چىلانچىلىق جەمئىيىتى ئارقىلىق دېھقانلارنى چىلاننى دەرىجىگە ئايرىغاندىن كېيىن، سوغۇق ساقلاش ئامبىرىدا ھاۋالە قىلىپ ساقلاشقا تەشكىللەش لازىم. قۇرۇق چىلاننى ساقلاش مەزگىلىدە ئەگەر قۇرت چۈشكەن، نەم تارتىپ قالغان ئەھۋال كۆرۈلسە ۋاقتىدا قۇرۇتۇپ، ئىلغاش كېرەك. (03)

چىدىكى كۆيمەيدىغان گازلارنى قويۇۋېتىش، ئەملەش ماددىلىرىنى كۆپەيتىش ياكى كۆپ قىسىم ماتېرىيال سۈيۇقلۇقىنى ئالماشتۇرۇۋېتىپ، كىسلاتا ئىشقارلىق دەرىجىسىنى تەڭشەش لازىم.

5. باشتا گاز ئىشلەپچىقىرىش نورمال بولۇپ، كېيىن بارا ـ بارا ئازىيىپ ياكى بىراقلا گاز ئازىيىپ كەتسە، كۆلچەكتىن بىر قىسىم ماتېرىياللارنى چىقىرىۋېتىپ يېڭى ماتېرىيال تولۇقلاش، تۇرۇبا يولىدىن گاز قېچىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش لازىم. ئەگەر تەييارلانغان ماتېرىيالدا دېھقانچىلىق دورا تەركىبى بولسا، دورا تەسىرى يوقالغاندىن كېيىن كۆل ـ چەككە كىرگۈزۈش لازىم.

6. ئادەتتە گاز چىقىش نورمال بولۇپ، توساتتىن گاز چىقمىسا يۇقىرى ـ قى كاشىلا كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان جايلارنى تەكشۈرۈپ، مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك.

7. گاز چىقىش نورمال، لېكىن ئوت كۈچى ئاجىز ياكى ئوت يالقۇنى قىزغۇچ سېرىق بولسا ئىنچىكە تۆمۈر سىم بىلەن گاز پۈركۈش ئېغىزىنى ياكى ئوچاقنىڭ ئوت كۆيۈش تۆشۈكچىلىرىنى كولاپ راۋانلاشتۇرۇش لازىم. كۆلچەككە مۇۋاپىق مىقداردا ئوت ـ چۆپ كۈلى ياكى كالا تېزىكى كىرگۈزۈپ، بىر قىسىم كونا ماتېرىياللارنى چىقىرىۋېلىپ، يېڭى ماتېرىيال تولۇقلاپ، ئوچاقنىڭ ھاۋا تەڭشەش تاختىسىدىن ھاۋا مىقدارىنى تەڭشەش لازىم.

8. پاتقاق گازى ئوچىقى چاقمىقىدىن ئۇچقۇن چىقماسلىق سەۋەبىدىن ئاپ ـ توماتىك ئوت تۇتاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى يوقاتسا، ئوت پۈركۈش يىڭنىسىنى قۇم قەغەز بىلەن پاكىز تازىلاش، بوشىشىپ قالغان ۋىنتىسىنى قايتىدىن چىڭ ـ ىتىش، يېڭى باتارېيە ئالماشتۇرۇش لازىم.

9. چىرىندە تارتىش ناسوسىنىڭ چىرىندى تارتىشى نورمال بولمىسا، كۆلچەك ئىچىدىن كۆپرەك سۇيۇقلۇق تارتىپ چىقىرىپ، سۇ بېسىم بۆلۈ ـ مىگە كىرگۈزۈش لازىم. ئۇزۇن تاياقچە بىلەن چىرىندى تارتىش ناسوسىنى مالتىلاپ راۋانلاشتۇرۇش ھەمدە چىرىندى تارتىش ناسوسى بىلەن چىرىندى تارتىپ تۇرۇش لازىم. ئىلمەك نەرسىلەر بىلەن ناسوس ئىچىگە كىرىپ قال ـ غان شاخ ـ شۇمبىلارنى تارتىپ چىقىرىش ھەمدە ئامال بار كۆلچەك ئىچىـ ـ گە شاخ ـ شۇمبىلارنى ۋاقىتسىز تاشلىماسلىق لازىم. (02)

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللار ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى

**54 - ماددا** ئاياللار تەشكىلاتى زىيانغا ئۇچرىغان ئاياللاردىن دەۋادا ياردەمگە ئېھتىياجلىقلىرىغا ياردەم بېرىشى كېرەك. ئاياللار بىرلەشمىسى ياكى ئالاقىدار ئاياللار تەشكىلاتى مۇئەييەن ئاياللار كوللېكتىپىنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىش قىلمىشىنى ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق پاش قىلسا، تەنقىد قىلسا بولىدۇ ھەمدە ئالاقىدار تارماقتىن قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

**55 - ماددا** مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئاياللارنىڭ توي قىلمىغانلىقى، توي قىلغانلىقى، ئاجراشقانلىقى ۋە ئېرى ئۆلۈپ كەتكەنلىكى قاتارلىقلارنى باھانە قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتتىكى ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى زىيانغا ئۇچراتقان ياكى ئەرنىڭ ئايال تۇرۇۋاتقان جايدا ماكانلاشقانلىقى تۈپەيلىدىن، ئەر ۋە پەرزەنتلەرنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان جايدىكى يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلات ئەزالىرى بىلەن باراۋەر بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق - مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتقانلارنى يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى قانۇن بويىچە مۇرەسسە قىلىدۇ؛ زىيانغا ئۇچرىغۇچى يېزا يەر ھۆددىگەرلىك كېسىم ئاپپاراتىغا كېسىم قىلىشنى قانۇن بويىچە ئىلتىماس قىلسىمۇ ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسىمۇ بولىدۇ، خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە قوبۇل قىلىشى كېرەك.

**56 - ماددا** بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئاياللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەنلەرگە باشقا قانۇن - نىزاملاردا مەمۇرىي جازا بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن بولسا، شۇ بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ؛ مال - مۈلۈكنى زىيانغا ئۇچراتقان ياكى باشقا زىيان سالغانلار قانۇن بويىچە ھەق - تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەر قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقىغا تارتىلىدۇ. (05)

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# ئۇرۇق سېتىۋېلىشتا بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار

شەمشىقەمەر ھوشۇر
(ئاقسۇ شەھەرلىك ئۇرۇق باشقۇرۇش پونكىتىدىن 843000)

1. ئۇرۇق سېتىۋالغاندا ئۇرۇق تىجارەت قىلغۇچىنىڭ دېھقانچىلىق مەمۇرىي تارماقلىرى تارقاتقان ئۇرۇق تىجارىتى ئىجازەتنامىسى، سودا - سانائەت تارماقلىرى تارقاتقان تىجارەت گۇۋاھنامىسىنىڭ بار - يوقلۇقىغا قاراش كېرەك. ئادەتتە ئۇرۇق ئېلانلىرىغا، ئەرزان دەپ كىچىككىنە پايدىنى قوغلىشىپ گۇۋاھنامىسى يوق قانۇنسىز ئۇرۇق تىجارەتچىلىرىدىن، كەنت، مەھەللىلەرنى ئارىلاپ ئۇرۇق ساتىدىغان تىجارەتچىلەردىن ئۇرۇق سېتىۋېلىشقا بولمايدۇ.

2. ئۇرۇق ئورالما خالتىسىدىكى، ئورالما قەغىزىنىڭ تولۇق ياكى تولۇق ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈش كېرەك. ئورالما قەغىزى تولۇق بولمىغان، خالتىغا قاچىلانمىغان، ئۇرۇق ئورالما خالتىسى ئېچىۋېتىلگەن ئۇزۇقلارنى قەتئىي سېتىۋالماسلىق كېرەك.

3. ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەت ئۇرۇقلىرىغا يۇقىرىقى ئىككى تۈرلۈك تەلەپ قويۇلۇشى بىلەن بىرگە، ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامە نومۇرى، سورتنى باھالاپ بېكىتىش نومۇرىنى ئەسكەرتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇرۇق سېتىۋالغاندا تالون ۋە ئۇرۇقنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى، پېچەتلەنگەن ئۇرۇق نۇسخىسى ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك. ئەگەر ئۇرۇقتا مەسىلە كۆرۈلسە مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش ۋە بېكىتىش ئۈچۈن مۇھىم ئىسپات بولىدۇ.

4. دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار: (1) پارچە ئۇرۇق؛ (2) ئورالما قەغىزىدە ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك مەزمۇنلار ئەسكەرتىلمىگەن ئۇرۇق؛ (3) ئالاھىدە ئېسىل دەپ پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلىدىغان ئۇرۇقلار، شۇنداقلا ئاشلىقنى ئۇرۇق قىلىپ ساتقان، ئۇرۇق سورتى ئورالما قەغىزىدە بىردەك بولمىغان، ئىشلەپچىقارغان ئورنى بىلەن ئورالما قەغىزى بىردەك بولمىغان ئۇرۇقلار مەسىلەن: گەنسۇدا ئىشلەنگەن ئۇرۇقنى شىنجاڭدا ئىشلەنگەن دەپ ساتقان ساختا ئۇرۇقلارنى قەتئىي سېتىۋالماسلىق كېرەك. (05)

# ئۆي زىننەتلەشتە تام قەغەزنى تاللاشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

ئۆمەر ئىسمائىل
(جۇڭگو شىنجاڭ بىناكارلىق يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇش چەكلىك شىركىتىدىن 830000)

نۆۋەتتە رايونىمىزنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى يىلسايىن ئېشىپ، تۇرمۇشى كۈنسايىن ياخشىلىنىپ، تۇرالغۇ ئۆي ۋە هويلا - ئاراملارنى زىننەتلەپ ئولتۇرۇش تېخىمۇ ئومۇملىشىۋاتىدۇ. بىراق مەخسۇس سېتىش بازارلىرىدا ياكى دۇكانلاردا مېهمانخانا، ياتاق ئۆي، كىتابخانا، ئاشخانا، هاجەتخانىلارغا مەخسۇس ئىشلىتىدىغان تام قەغەزلىرىنىڭ تۈرى ناهايىتى كۆپ بولۇپ، چوقۇم ئالاهىدە تاللاپ ئىشلەتكەندە، ئەكس تەسىرى تۆۋەن، باهاسى مۇۋاپىق بولۇپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

1. داڭلىق ماركىلىق تام قەغەزلىرىنىڭ سۈپىتى ئۆلچەملىك، باهاسى بىر تۇتاش بولىدۇ. شۇڭا خېرىدارلار تام قەغىزى سېتىۋالغاندا ماركىسىغا، باهاسىغا، ئىشلەپچىقارغان زاۋۇتىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى قاتارلىقلارنى ئوبدان سۈرۈشتۈرۈپ، ئۆزىگە مۇۋاپىقىنى تاللاپ سېتىۋېلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

2. ئادەتتە هېچقانداق غەيرىي پۇرىقى يوق، ساپ ياغاچ بوتقىسى قوشۇلغان ياغاچ تالالىق تام قەغىزىنىڭ مۇهىتنى بۇلغاش دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن بولىدۇ، بولسا ئۆيلەرگە بولۇپمۇ ياتاق ئۆيلەرگە ساپ ۋە هەقىقىي تام قەغىزى ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىش لازىم. هەرگىز پۇرىقى كۈچلۈك، شەخسىي زاۋۇتلاردا ئىشلەنگەن، ئۆلچەمسىز تام قەغەزلىرىنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

3. ئىشەنچلىك تام قەغەزلىرىنىڭ ئەۋرىشكىلىرىدە بىر تۇتاش LoGo بەلگىسى بولىدۇ. بولسا تام قەغىزىنى تاللاش بىلەن بىرگە ئالاقىدار ماركىسىنىڭ تور ئادرېسىنى بىلىۋېلىپ، تەپسىلىي سۈرۈشتۈرۈپ ئاندىن سېتىۋالغاندا، تېخىمۇ ئىشەنچلىك تام قەغىزىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ.

4. تام قەغەزلىرىنىڭ رەڭگىنى تاللىغاندا رەڭگى سۇس راق، گۈللىرى شالاڭ، ئۆسۈملۈك خام ماتېرىيال قىلىنغان تام قەغىزىنى تاللاپ سېتىۋالغاندا، هەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئۇنۇملۈك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

5. سۈپەتلىك تام قەغىزىنى تاللاش بىلەن بىرگە، سۈپەتلىك، يۇرۇشلەشكەن تام قەغىزى مەخسۇس يېلىمىنى تاللاپ سېتىۋېلىپ ئىشلىتىشكە دىققەت قىلغاندا، ئۆي زىننەتلەشتە كۆڭۈلدىكىدەك مەقسەتكە يەتكىلى بولۇپلا قالماستىن، هەر خىل ئۆي زىننەتلەشتىن پەيدا بولىدىغان مىرەز كېسەللىكلەرنىڭ ئۇنۇملۈك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. (05)

كىشىلىك جەمئىيەتتە ئوقۇتقۇچىنىڭ

مېھنىتىدىن پەخىرلەنگىدەك مېھنەت يوقتۇر.

چوڭلىكى ئالىم، مۇتەخەسسىس، يازغۇچى،

قوماندان، جەمئىيەت، دۆلەت ئەربابى

ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچى

مېھنىتىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر.

—— ئەخمەتجان قاسىمى

# ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!



قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى ھاۋاگۇل ئابدۇل بىلەن قۇمۇل شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى ئابلىلىم ئابدۇۋايىت ۋە مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر مەزكۇر مەكتەپنى تەكشۈرۈپ كۆزدىن كەچۈردى.

ھەلىمە تۇرسۇن فوتوسى


农村科技

(月刊)

يېزا پەن ــ تېخنىكىسى

(ئايلىق ژۇرنال)

باشقۇرۇپ چىقارغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى:« يېزا پەن ـ تېخنىكىسى » ژۇرنىلى رېداكسىيەسى

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن تېلېفون ۋە فاكس نومۇرى: 4505075 ــ 0991

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 ـ قورۇ پوچتا نومۇرى: 830091

باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باھاسى: 2.00 يۈەن

تارقاتقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: جايلاردىكى پوچتىخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، پەن-تېخنىكا ئىدارىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1004-1095

مەملىكەتلىك بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65-1046/S-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 123 ـ 58 ئېلان كىنىشكا نومۇرى: 0016